

2021 ئاپرېل-ماي
ئومۇمىي 21-سان

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



مەخپىي ئۇرۇش
1



ئەخمەتجان مۆمىن
27



ئۇيغۇرلاردا نوپۇس ۋە نوپۇز
78

2021 ئاپرېل -ماي
ئومۇمىي 21-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >




ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ھېسسىياتنى يوشۇرۇشتىن كېلىپ چىققان سەلبىي ئاقىۋەتلەر 92

ۋاقىت باشقۇرۇش: كۈندىلىك ئىشلارنى دەرىجىگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى 29

## خىتاي تەتقىقاتى

مەخپىي ئۇرۇش

خىتاي دۇچ كەلگەن نوپۇس كرىزىسى 73

## گۈلىستان

پەرزەنت تەربىيىسى: باللارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ۋە ھېكايەت ئېيتىپ بېرىش 96

ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى

## تارىخ ۋە بىز

كوسوۋونىڭ ئۆتمۈشى، مۇستەقىل بولۇشى ۋە بۈگۈنى 25















## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاي بىلەن رۇسىيە ھەقىقىي ئىتتىپاقداشلاردىنمۇ؟ 49

ئانتونىي بلىنكېننىڭ تاشقى سىياسەت تۇتۇمىغا قىسقىچە نەزەر 58

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار 102

## ساغلاملىق

بۆرەك ئاسىراشتىكى سەككىز خىل ئۇسۇل 66

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى 42

## ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار: نوپۇس ۋە نوپۇز


خىتاي تەتقىقاتى
HOW CHINA TOOK OVER WHILE AMERICA'S ELITE SLEPT
مەخپىي ئۇرۇش
STEALTH WAR
روبېرت سپالدىڭ
GADIER GENERAL
RT SPALDING
S Air Force, Retired)

# ئونىنچى باب:
# ختايغا قارشى تەدبىر — ختاينىڭ مەخپىي ئۇرۇشىغا قانداق
# تاقابىل تۇرىمىز ۋە ئۇنى قانداق توختىتىمىز؟

(داۋامى)

## ختاينىڭ «جەڭ ماشىنىسى»نى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە خاتىمە بېرىش

2018 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، «ختاي كېمىسازلىق ئېغىر سانائەت پاي چەكلىك شىركىتى» (中船重工) فرانكفورت ئاكسىيە بىرژىسىدا پېيىنى ئاشكارا بازارغا سېلىپ، بىر مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق زايوم تارقاتتى. پۇل مۇئامىلە تەكشۈرگۈچىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە كۆرە، مەزكۇر شىركەت قەستەن خىلمۇخىل مۇرەككەپ تىجارەت ھۆججەتلىرى ئارقىلىق مەزكۇر زايوم تارقىتىش ئىشىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان، ئۇلار زايومنى «ختاي پوچتا ـ ئامانەت بانكىسى»نىڭ پاي چېكىگە باغلاپ، ئۇنى «ختاي خەلقئارالىق ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى»نىڭ بالا شىركىتى ئارقىلىق تارقاتقان. ئىشنى بۇنچە خۇپىيانلەشتۈرۈشتىكى مەقسەت زادى نېمە؟ ئەسلىدە، «ختاي كېمىسازلىق ئېغىر سانائەت پاي چەكلىك شىركىتى» ختاينىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلىق جەڭ قورالى بولغان — تۇنجى يادرو ئېنېرگىيەلىك ئاۋىياماتكىسىنى، شۇنداقلا يەنە بىر يادرو ئېنېرگىيەلىك سۇ ئاستى پاراخوتىنى ياساۋاتقانىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر مىليارد دوللارلىق زايوم تەبىئىي ھالدا ئامېرىكادىكى ۋاستىچى شىركەتلەر، خەۋپتىن ساقلىنىش فوندى، پېنسىيە فوندلىرى قاتارلىق مەبلەغ سالغۇچى ئاپپاراتلارغا ئېچىۋېتىلگەنىدى، ئاندىن ئۇ ئىككىلەمچى بازارغىمۇ سېلىناتتى. بىز بۇ زايوملارنى زادى كىملەرنىڭ سېتىۋالغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىز. لېكىن، (بۇ زايوملارنى سېتىۋالغان) بىر قىسىم مەبلەغلەرنىڭ ئامېرىكادىن كەلگەنلىكى شەكسىز. ھالبۇكى، ختاي بۇ مەبلەغلەرنى ئۆزىنىڭ ھەربىي قورال ـ ياراغلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىدۇ. بۇ ھەقتە ياخشىراق ئويلىنىپ باقايلى. بۇ مەسىلە مەن ئالدىنقى بەتلەردە تىلغا ئالغان ئەھۋالغا ئوخشايدۇ. ئامېرىكالىق بىر مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ختاي كومپارتىيەسى تارقاتقان بۇ زايوملارنى سېتىۋېلىشى خۇددى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكالىقلارنىڭ گېرمانىيە تارقاتقان زايومنى سېتىۋېلىشىغا ئوخشاشلا بىمەنىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ غەربنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى قانداق سۇيىئىستېمال قىلغانلىقىنىڭ ۋە غەربنىڭ مەبلەغدىن پايدىلىنىپ خىتاي ئارمىيەسىنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسىنى قانداق كۈچلەندۈرگەنلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر. بۇنىڭغىمۇ چوقۇم خاتىمە بېرىلىشى كېرەك. ئورگانلارئارا بىر ئاپپارات چوقۇم ئامېرىكا كاپىتال بازىرىدا مەبلەغ توپلاشقا ئۇرۇنغان خىتاي ۋە باشقا چەتئەل كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈشى كېرەك. شىركەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ قارمىقىدىكى كارخانىلار چوقۇم ئىستىخبارات، دىپلومات ۋە ھەربىي ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ئىنچىكە تەكشۈرۈلۈشى كېرەك. شۈبھىسى شەكسىزكى، (ئامېرىكا) پۇل مۇئامىلە ساھەسىمۇ نەچچە تىرىلىيون دوللارنىڭ تۈرتكىسىدە، ھەرقانداق مەبلەغ سېلىش چەكلىمىسىگە قارشى بار كۈچى بىلەن لوبىچىلىق قىلىدۇ. لېكىن، بىز كاپىتال بازىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە قارشى ئىشلىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىگە جىددىي مۇئامىلە قىلماقچى بولساق، بۇنىڭدىن باشقا تاللىشىمىز يوق.

شۇنىڭدەك، ئامېرىكا پېنسىيە فوندىنىڭ مەبلەغ باشقۇرغۇچىلىرى ئۆز ئەزالىرىنىڭ خۇسۇسىي ئامانەت پۇللىرى ئارقىلىق خىتاي بازىرىغا مەبلەغ سالغاچقا، مەزكۇر فوندلارنىڭ پۇللىرىمۇ نەچچە ئون يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ «جەڭ ماشىنىسى»غا ماي قاچىلاشقا ئىشلىتىلىپ كەلدى. بۇ ئامېرىكا ئارمىيەسىدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار ۋەتەنپەرۋەر ئامېرىكالىقلارنىڭ پۇللىرىنىڭ بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەسلىدە، مەزكۇر پېنسىيە پىلانلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن شەخسلەر فوند باشقۇرغۇچىلىرىغا ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىتالىسا ۋە ئۇلارنى خىتاي ئارمىيىسىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان پاي چەكلەرگە مەبلەغ سالماسلىققا كۆندۈرەلىسە، تولىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان بولاتتى. لېكىن، شۇنىڭغا جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، پېنسىيە فوندىنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى فوند باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش تاللاشلىرىدىكى ئىنچىكە نۇقتىلاردىن خەۋەرسىز. ھۆكۈمەت بۇ جەھەتتە كىشىلەردە ھوشيارلىقنى يېتىلدۈرۈپ، مەسئۇلىيەتچان مەبلەغ سېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قايسى شەكىلدە بىزنىڭ (ئامېرىكانىڭ) مەنپەئەتىمىزگە زىيانلىق رەۋىشتە قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى خەلقىمىزگە بىلدۈرىدىغان پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ناچار قىلمىش سادىر قىلغان شىركەتلەرنىڭ تىزىملىكى بارلىق مالىيە ئاپپاراتلىرىغا تارقىتىپ بېرىلىشى كېرەك.

خىتاينىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا تەيۋەن، ۋيېتنام ۋە كورېيەگە زوراۋانلىق قىلىشىنى توسۇشقا كەلسەك، نۆۋەتتە قولىمىزدا «غەيرىي سىممېترىك ئۇرۇش»تىن ئىبارەت بىر ھەل قىلىش چارىسى بار. بۇ ئويلىمىغان تاكتىكىلارنى قوللىنىشنى كۆرسىتىدىغان ھەربىي ئىبارىدۇر. رۇسىيە بىلەن ئىمزالاشقان «يادرو قوراللىرىنى كۆپەيتمەسلىك كېلىشىمى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىز يىراق مۇساپىلىك ۋە ئوتتۇرا مۇساپىلىك باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياساپ، ئۇنى ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ زېمىنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرالايمىز. بىز

يەنە خىتاينىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىمىزنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان (باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىدىغان چوڭ تىپتىكى يۈك ماشىنىلىرى دېگەندەك) كۆچمە باشقۇرۇلىدىغان بومبا سۇپىلىرى بەرپا قىلساق بولىدۇ. بىز يېڭىلانغان قوماندانلىق ۋە كونترول سىستېمىسىغا تايىنىپ، تەڭپۇڭسىزلىقتىن قورقۇتۇشقا ئۆتىمىز. ئەگەر خىتاي بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمىسە ھەمدە بىزنىڭ ئۇلارنى ئىشلىتىشتە ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنسە — بىز بۇ سىگنالنى چوقۇم خىتايغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك —، ئەنە شۇ چاغدا بىز توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان ۋەزىيەتنى بەرپا قىلالايمىز.

## يادرو قوراللىرى ئىشلىتىشنى ئويلىشىش

مېنىڭ (خىتاي بىلەن بولغان) ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىمىزنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشى جەريانىدا ھەممىدىن بەك ئەنسىرەيدىغىنىم «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى»نىڭ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، بىز يادرو بومبىسى ئارقىلىق خىتاينى چۆچۈتۈشكە موھتاج. ئەلۋەتتە، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ قوراللار مەڭگۈ ئىشلىتىلمەيدۇ. لېكىن، تولا ھاللاردا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ئارقىلىق رەقىبىنى تەشۋىشكە سېلىش ئۇسۇلى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا «ساراڭ نەزەرىيەسى» (Madman theory ـ ساراڭ نەزەرىيىسى: ئامېرىكانىڭ سابىق پرېزىدېنتى رىچارد نىكسوننىڭ تاشقى سىياستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىياسىي نەزەرىيە. نىكسون ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى ئامېرىكاغا دۈشمەن بولغان كوممۇنىستىك دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە نىكسوننى تەلۋە، تۇراقسىز دەپ ئويلاتقۇزۇشقا ۋە شۇ ئارقىلىق نىكسوننىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان، ۋىكىپېدىيا) كارغا كېلىدۇ. مەسىلەن، چاۋشيەنگە قاراپ باقايلى. تامامەن خىتاي تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان قورچاق رەھبەر كىم جۇڭئۇننىڭ (ئەگەر خىتاي چاۋشيەن بىلەن بولغان چېگراسىنى تاقىسا، چاۋشيەننىڭ شۇ ھامان قالايمىقانچىلىق ۋە ئاچارچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالىدىغانلىقىدا ئاساسەن شەك يوق) قولىدا كورېيەگە تەھدىت سالىدىغان زور كۆلەملىك قوشۇن ۋە يادرو بومبىسىدىن ئىبارەت ئىككى كوزىر بار. ئۇنىڭ «يادرو بومبىسى ئاتىمەن» دېگەن تەھدىتلىرى گاھىدا باشقىلارنى چاۋشيەن بىلەن سۆھبەتلىشىشكە مەجبۇر قىلماقتا.

شۇنىڭغا ئوخشاش، پرېزىدېنت ترامپنىڭ مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان خۇيى ـ پەيلىمۇ بۇ جەھەتتە كارغا كېلىشى مۇمكىن. بارلىق ئىمكانلارنى قوللىنىشى مۇمكىنلىكىنى تەكىتلەپ تۇرىدىغان پرېزىدېنت تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ، دۈشمەننى ئۇنۇملۇك چەكلەپ تۇرالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بۇنچە ياخشى كارغا كېلىشىدە، مەزكۇر ئىستراتېگىيە ئامېرىكا سودا ئىنىستىتۇتلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «پاي ئىگىلىرىنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇش مالىيە كۆچى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل چارىسىدۇر» دېگەن نەزەرىيەگە تايانغان. مەزكۇر نەزەرىيەنىڭ خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىگە كىرگۈزۈلۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، خىتاي بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ھالدا خىتايغا مەبلەغ سېلىشى ۋە ئامېرىكا شىركەتلىرى بىلەن شېرىكلىشىشى كېرەكلىكىنى يوللۇقلاشتۇرىدۇ.

خىتاينىڭ بۇرمىلانغان مەنتىقىسىگە كۆرە، ئەركىن تىجارەت بېيىشقا، بېيىش دېموكراتىكلىشىشقا تۈرتكە بولىدىغان بولغاچقا، تاموژنا بېجى يامان نەرسە دەپ قارىلىشى كېرەك بولىدۇ. خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى تۆۋەنلىتىلگەن تاموژنا بېجى ئارقىلىق ئامېرىكا مەبلىغىنى جەلب قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يەرشارىۋى ئىمپېرىيەسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. 2018 ـ يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ماللىرىدىن تاموژنا بېجى ئېلىشقا باشلىشى (خىتايدىكى) ناباب باشقۇرۇش تۈزۈلمىلىرى، مۇھىتقا ئالاقىدار قانۇنلارنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە ئىش مۇھىتىنىڭ ناچارلىقى قاتارلىقلارنىڭمۇ ئامېرىكا مەبلىغىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە خىتايغا ئېقىپ كىرىشىنى توسۇپ قالالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، خىتايدىن يۆتكەلگەن ئامېرىكانىڭ مەبلەغلىرىمۇ، دائىم خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن ئوخشاش باشقۇرۇش ئەندىزىسىگە ئىگە، ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاسىيە قىلىپ، مۇھىتنى بۇلغايدىغان دۆلەتلەرگە ئاقماقتا.

خىتاي كومپارتىيەسى ئەنە شۇ شەكىلدە ئۆز ھاكىمىيەت ئەندىزىسىنىڭ تولىمۇ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش ئارقىلىق ئۇنى باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، باشقا دۆلەتلەر ئۇنى دورايدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئەركىن دۇنيا بارغانچە تارىيىدۇ. ھاكىممۇتلەقچىلىكنىڭ يامرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، خىتاي ۋە خەلقئارالىق قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلغان باشقا دۆلەتلەردىن چوقۇم (ۋاقىتلىق ئەمەس) دائىمىي تاموژنا بېجى ئېلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، مەبلەغ ئامېرىكاغا قايتىپ كېلىدۇ. ئامېرىكا ھازىرمۇ «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى»غا (OECD) ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئەڭ تۆۋەن ئېنېرگىيە تەننەرخى، كارخانا بېجى، ئەۋزەل قائىدە ـ تۈزۈم سىستېمىسىغا ئىگە. لېكىن، شىركەتلەر مۇقىملىققا موھتاج. شۇنداقلا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق پايدىنى كۆپەيتەلەيدىغان باشقا بىرەر يەرگە بېرىشتىن ئىبارەت تاللىشى يوقلۇقىنى بىلمىگۈچە، مەبلىغىنى ئامېرىكاغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئامېرىكالىقلارنى خىزمەت پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرمەيدۇ.

دائىمىي تاموژنا بېجى تەسىس قىلىنمىغۇچە، خىتايغا ئوخشاش دۆلەتلەر قائىدىگە بويسۇنمايۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنداق قىلىشنىڭ جازاسىنى تارتقىنى يوق. ئامېرىكا شىركەتلىرى پاي ئىگىلىرىنىڭ دارامىتىنى ئەڭ زور چەككە چىقىرىشنىلا ئويلىغاچقا، ئۇلار قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان دۆلەتلەردىن تاموژنا بېجى ئېلىشقا قارشى چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇلار قائىدە - تۈزۈمنىڭ ئانچە ئىناۋەتتى بولمىغان بۇ دۆلەتلەردە تىجارەت قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنى ئويلايدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن (پۇلغا تويمايدىغان) شىركەتلەر ئارىسىدىكى «ئىتتىپاقداشلىق» ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئامېرىكىلىقلارنىڭ مائاشىنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان (ئۆسمەي) تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇۋېرىشىنىڭ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھېلىھەم ئىشسىز قېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

## ياخشى ئىدارە قىلىش دۆلەت ئىچىدىن باشلىنىدۇ

سىڭىپ كىرىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش خىتاينىڭ ئەڭ ئاساسلىق نەيرەڭلىرىدىندۇر. خىتاي كومپارتىيەسى تەشكىلاتلارنىڭ ھەم ئىچىدە، ھەم سىرتىدا ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق، نەتىجىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇ مەبلەغدىن، ئادەم كۈچىدىن (قورال سۈپىتىدە) پايدىلىنىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي كۈچ ئارقىلىق كۆزلىگەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن خەتەرلىك، ئەمما مۇنەۋۋەر تاكتىكىدۇر.

«پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ» بولغاچقا، شۇنداقلا سەككىز مىڭ ئېنگىلىز مىلى يىراقلىقتىكى (يەنى خىتايدىكى) بىر تىجارەت كېلىشىمىنىڭ ۋاشىڭتون ئالاھىدە رايونىدىكى سىياسىي قارارغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش بەسىي مۈشكۈل بولغاچقا، خىتاينىڭ تەسىرىنى چەكلەش تەسكە توختىماقتا. لېكىن، ھۆكۈمەت (خىتاي تەرىپىدىن) نامۇۋاپىق قىلمىشلارنىڭ سادىر بولۇشىنى چەكلەش ئۈچۈن قوللىنالايدىغان بىر قانچە تەدبىر بار.

فېدېرال، شىتاتلىق ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بۇ جەھەتتە چوقۇم ئۆرنەك بولۇشى كېرەك. بۇ خىتاي بىلەن ياكى خىتاي شىركەتلىرى بىلەن بولغان ھەرقانداق مۇناسىۋەتنى ئاشكارىلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەھۋال شۇكى، سىياسەتچىلەر ھۆكۈمەت خىزمىتى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، ئۆزلىرىنىڭ پاي چەكلىرىنى تولۇق ھوقۇقلۇق ھاۋالە فوندىلىرىغا (blind trust) تاپشۇرۇشى كېرەك. گەرچە بۇنداق قىلىش مۈشكۈل، شۇنداقلا «(نورمال) تىجارەت رىقابىتىگە ۋە كىشىلىك ئەركىنلىككە چەكلىمە قويغانلىق» دەپ قارىلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما، قىلىشقا تېگىشلىك ئىش چوقۇم قىلىنىشى كېرەك. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىش ئۆزگىنىڭ تاللىشى، ھېچكىم سىزنى بۇنىڭغا مەجبۇرلىغىنى يوق. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئەزالىرىغا قويۇلىدىغان ئەخلاقىي تەلەپ ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭكىدىن تېخىمۇ يۇقىرى. مەسىلەن، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئەدلىيە

www.uyghurkitap.com

قانۇنغا كۆرە، ئاشنا تۇتۇش (ھەربىر ئۇچۇن) جىنايى قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا سىياسەتچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەسەبىيلەرچە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئامېرىكا سىياسەتچىلىرى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىغا چوقۇم تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلغاندا، ئاندىن ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىمۇ «خىزمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن بەش يىلغىچە لوبىچى بولۇپ كەتمەسلىك» خۇسۇسىدا قەسەم ئىچىشى كېرەك. چۈنكى، بىز ئامېرىكا سىياسەتچىلىرىنىڭ ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، سىياسىي تەجرىبىسىنى دەسمايە قىلىپ، ھۆكۈمەتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلار - ئايرىلماستىن لوبىچىلىققا كىرىشىپ كەتكەنلىكىگە بەك كۆپ شاھىت بولدۇق. ئۇلار ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت - قارارلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان لوبىچىلارغا ئايلىنىشنى، تاشقى كۈچلەرگە پايدىلىق قانۇنلارنى ماقۇللىتىش ئارقىلىق ئارىدىن پايدىغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. مەزكۇر «تاشقى كۈچلەر» خىتاي شىركەتلىرى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكا بۇ جەھەتتە ھوشيار ۋە ئىنكاسچان بولۇشى كېرەك.

شۇنداقلا، ھۆكۈمەت يەنە ئەقلىي مۈلۈكلەرنى ئوغرىلاش قىلمىشلىرىنى ياكى خاككېرلىق ھۇجۇملىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن پاش قىلغان ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىققا كاپالەت بېرىشى كېرەك. پەقەت، خاككېرلىق ھۇجۇملىرى سەۋەبلىك ماتېرىياللار ئاشكارىلىنىپ كېتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى خەۋپكە ئۇچرىغان ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مەزكۇر شىركەتلەر زىيانلانغۇچى تەرەپ بولۇپ، ساقچى دائىرىلىرى زىيانلانغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى مەخپىي تۇتۇشى كېرەك. ھۆكۈمەت يەنە شىركەتلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىنىش ياكى خاككېرلىق ھۇجۇملىرىغا ئۇچراش قاتارلىق) ئەھۋاللارنى پاش قىلغانلىقى سەۋەبلىك، سالاھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

## يېڭى خىتايچە تاراتقۇلار

ئامېرىكا خىتاينىڭ دۇنيادىكى خىتايچە تاراتقۇ ۋە كۆڭۈل ئېچىش ساھەسىنى مونوپول قىلىۋېلىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئۆزىنىڭ خىتايچە تاراتقۇلىرىنى بەرپا قىلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق دۆلەت ئىچى - سىرتىدا خىتاي تاراتقۇلىرى بىلەن رىقابەتلىشىشى كېرەك.

ئامېرىكادا مەزكۇر خىتايچە تاراتقۇلارنى بەرپا قىلىشتىكى مەقسەت خىتاي تىللىق ئوقۇرمەن، كۆرۈرمەن ۋە تىڭشىغۇچىلارنى (خىتاينىڭكىدىن) پەرقلىق، مۇستەقىل مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلەشتۇر. نۆۋەتتە خىتاي دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا غەربكە قارشى تەشۋىقاتلارنى قانات يايدۇرماقتا. خىتاينىڭ ھۆكۈمەت

گېزىتلىرىدە، تور بەتلىرىدە، تېلېۋىزىيە ياكى رادىيو پروگراممىلىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭكىگە قارشى پىكىرلەر، مۇنازىرىلەر، پىكىر ئەركىنلىكى، دېموكراتىيە ياكى دىنغا ئالاقىدار مۇھاكىمە دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مۇستەقىل خىتايچە تاراتقۇلارغا مەبلەغ سېلىشنى تەرغىب قىلىشى ۋە بۇنى قوغدىشى، ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكادا خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان بارلىق رادىيو - تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى تاقاپ، شۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ خەلقئارالىق سودا قانۇنىغا، نەشر ھوقۇقى قانۇنىغا، كىشىلىك ھوقۇقتا، تور ئالاقە كېلىشىملىرىگە ياكى قېلىپلاشقان بوغالتىرلىق قائىدىلىرىگە ئوچۇق - ئاشكارا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىشى كېرەك.

ئىلگىرىكى بابلاردا بايان قىلىنغان، «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيوسىنىڭ گوڭ شياۋشيا (龚小夏) قاتارلىق خىتايغا قارىتا ئېتىرازىنى بىلدۈرگەن كىشىلەرنى خىزمەتتىن ھەيدىۋەتكەنلىكىدەك سەتچىلىكلەرنىڭ قايتا كۆرۈلمەسلىكى ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئامېرىكا ئۇچۇر مەھكىمىسى»نى (USIA) قايتىدىن تەسىس قىلىشى كېرەك. بۇ ئەينى چاغدا پرېزىدېنت ئېيزىنخاۋېر (Eisenhower) تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان، مەخسۇس «ئاممىۋى دېپلوماتىيە»گە (public diplomacy ـــ ئاممىۋى دېپلوماتىيە: بىر دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ۋە زىيالىيلىرىغا ئۆزىنىڭ سىياستى ۋە ئىدىئولوگىيەسىگە ماس ھالدا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش جەريانىدۇر. بۇ جەرياندا، ھۆكۈمەتلەر ئۆزلىرىنىڭ نىشانىغا يېتىش، دۆلەت مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بىۋاستە ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ئارقىلىق چەتئەل جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ، ۋىكىپېدىيا) مەسئۇل ئاپپارات ئىدى. «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيوسى ئەسلىدە ئامېرىكا ئۇچۇر مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدا ئىدى، ئەمما ئامېرىكا ئۇچۇر مەھكىمىسى 1999 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەخسۇس «خۇسۇسىي دېپلوماتىيە» (private diplomacy) بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىگە قوشۇۋېتىلگەن. «ئاممىۋى دېپلوماتىيە» بىلەن «خۇسۇسىي دېپلوماتىيە» دېپلوماتىيە ساھەسىدىكى تامامەن پەرقلىق ئىككى خىل ئۇسۇل بولۇپ، بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمەسلىكى كېرەك ئىدى. نۆۋەتتە، ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئامېرىكا ئاۋازى»غا نارازىلىقى بار بولسا، بىۋاستە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىگە شىكايەت قىلالايدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتىنى ئىشقا سېلىپ، شۇلار ئارقىلىق «ئامېرىكا ئاۋازى»غا بېسىم ئىشلىتەلەيدۇ. ئەگەر «ئاممىۋى دېپلوماتىيە» بىلەن «خۇسۇسىي دېپلوماتىيە»گە مەسئۇل ئىككى ئاپپارات تەسىس قىلىنىپ، بۇلار ئايرىم ھەرىكەت قىلسا، ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئىشىنى ياخشى ئادا قىلىپ، بىر - بىرىگە كاشىلا قىلمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتابى
www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يەنە ئامېرىكا مەكتەپلىرىدىكى بارلىق «كوڭزى ئىنستىتۇتلىرى»نى تاقىۋېتىشى، شۇنداقلا ئامېرىكادا ئىلىم زوراۋانلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ ئاپپاراتنىڭ خادىملىرىغا ۋىزا بېرىشنى توختىتىشى كېرەك.

## كۆچمەنلەرنى ئۆزگەرتىش

قائىدىگە بويسۇنمايدىغان ختاي كۆچمەنلەرنىڭ ئامېرىكاغا تۇركۇملەپ ئېقىپ كىرىشى نۆۋەتتە ئامېرىكا دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك خاراكتېرلىك مەسىلىلەردىن بىرىدۇر. نۆۋەتتە، ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسى ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەردىكى ئەلچىخانىلىرىدا كۆچمەنلەر ئىشىغا مەسئۇل ئەمەلدارلارنىڭ سانى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇلار ئامېرىكاغا بېرىش ئىلتىماسى سۇنغان ھەربىر ختاينىڭ ئىلتىماسىنى كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئارانلا 30 سېكۇنت ۋاقىت ئاجرىتالايدۇ. بەلكىم، بۇ قارىماققا بەكلا بىمەنىدەك، ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك، دۆلەت خادىملىرىنى مازاق قىلىدىغان يۇمۇردەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن، رېئاللىق ئەنە شۇنداق. مەن ئەينى چاغدا ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىخانىسىدا ھەربىي ئەمەلدار بولغان ۋاقتىمدا، ئاشۇ خىل ئىش بېجىرىش جەريانىغا شاھىت بولغانىدىم. ئەلچىخانىدىكى كۆچمەنلەر ئىشىغا مەسئۇل ئەمەلدارلارغا تامامىلىغىلى بولمايدىغان ۋەزىپە تاپشۇرۇلغانىدى. قىسقىغىنە يېرىم مىنۇتتا، ئامېرىكاغا ساياھەتكە بېرىش ئىلتىماسى سۇنغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى قانداقمۇ قائىدىگە ئۇيغۇن ھالدا تەپسىلىي تەكشۈرۈپ بولغىلى بولسۇن؟ بۇنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، ئامېرىكا ۋىزىسىغا ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قارىقويۇق ھالدا ئون يىللىق ۋىزا بېرىلەتتى.

ختاي ھۆكۈمىتى ختاي پۇقرالارنىڭ ئامېرىكاغا كۆپلەپ كېلىشىنى خالايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققانلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلارغا كۆرە، ختاي پۇقرالىرى ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارغا ئوخشاشلا، نورمىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئامېرىكاغا كەلگەن بۇ ختايلارنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكا شىركەتلىرىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئۇلارغا ئامېرىكا شىركەتلىرىدىن مائاش ئېلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ تېخنىكىلىرىغا، كومپيۇتېر پروگراممىلىرىغا، شۇ شىركەتلەرنىڭ پاتېنتلىرىغا ئېرىشەلەيدۇ.

بۇ «ئامېرىكاغا كەلگەن ختايلارنىڭ ھەممىسى ختاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن جاسۇس» دېگەنلىك ئەمەس. شۇنىسى ئېنىقكى، ئامېرىكاغا كەلگەن ختايلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەيدىغان ئاددىي ئىنسانلاردۇر. مېنىڭ بۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم ختايغا قارشى ئۆچمەنلىكىمنىڭ ئۈچىغا چىققانلىقىدىن ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ كىتابتا تەكرار چۈشەندۈرۈلگىنىدەك، ختاي كومپارتىيەسى ئامېرىكاغا قارشى «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» قىلىۋاتىدۇ ۋە

ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىسى بار. بىز خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئامېرىكا شىركەتلىرىدىن ئۈچۈر ئوغرىلاش قىلمىشلىرىنى قوللاۋاتقانلىقىنى ئوغرى نەشىر قىلمىشلىرىغا يول قويۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا رىغبەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. بىز خىتاينىڭ بار ئامالىلارنى قوللىنىپ، غەربنىڭ تېخنىكىلىرىنى خىتايغا يۆتكەشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىمىز. بىز يەنە «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى»نىڭ ئۈچۈر ئوغرىلاش قىلمىشلىرىنى پەردە ئارقىسىدا قوللاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىمىز. مەزكۇر غەرەزلىك ناچار قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى خىتاي پۇقرالىرى تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان ۋە ھېلىھەم سادىر قىلىنماقتا. مەن «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بارلىق خىتايلارنىڭ ئامېرىكاغا كېلىشىنى چەكلىشى ياكى ئامېرىكادىكى خىتايلارنى تۈركۈملەپ خىتايغا قايتۇرۇۋېتىشى كېرەك» دېمەكچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت رېئاللىقنى بايان قىلىۋاتىمەن. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى چوقۇم تېخىمۇ كۆپرەك ۋاقىت ۋە زېھىن ئاجرىتىپ چېگرادىن كىرىش تەرتىپلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ جەريان چوقۇم ئاستىلىتىلىشى، تەلتۆكۈس، ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ۋىزا ئىلتىماس قىلغۇچىلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزاسىمۇ، ئەمەسمۇ؟ ياكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئارىسىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى بارمۇ، يوقمۇ؟ ئۇ ئۈچۈر ئالاقە ساھەسىدە خىزمەت قىلامدۇ، يوق؟ دېگەندەك سوئاللار سورىلىشى ۋە بۇ سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋاب چوقۇم ناھايىتى تەپسىلىي تەكشۈرۈلۈشى كېرەك، شۇنىڭدىلا ئامېرىكانىڭ بايلىقلىرىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

خىتاي كۆچمەنلىرىگە ئالاقىدار يەنە بىر مەسىلىمۇ كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ: خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر «ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى»نى ئىشلىتىشكە باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن، بىز «خىتاي ھۆكۈمىتى مەزكۇر سىستېمىدىن ئامېرىكاغا بارىدىغانلارنى ئۆزىنىڭ دېگىنىگە كۆندۈرۈشتىكى كوزىر سۈپىتىدە پايدىلىنىشى مۇمكىن» دەپ يەكۈن چىقىرىشقا ھەقلىقمىز. خىتاي ھۆكۈمىتى مەزكۇر سىستېمىدىن پايدىلىنىپ، (ئامېرىكادا ئىشلەۋاتقان) خىتاي پۇقرالىرىنى ئۆزلىرى ئىگىلىگەن شىركەت مەخپىيەتلىكلىرىنى، سانائەت لايىھەلىرىنى ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قىستىشى؛ ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۇنىڭ ياكى خىتايدا قالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ «ئىشەنچ نومۇرى»نى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سېلىشى مۇمكىن. «سودا مەخپىيەتلىكى» (Business Insider) تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي مەزكۇر ئۇسۇل ئارقىلىق توققۇز مىليون كىشىنىڭ «ئىشەنچ نومۇرى»نى تۆۋەنلىتىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار شۇ سەۋەبلىك دۆلەت ئىچى ئايروپىلان بېلەتلىرىنى سېتىۋالالماس بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئۈچ مىليون خىتاينىڭ «ئىشەنچ نومۇرى» تۆۋەنلىتىۋېتىلگەنلىكتىن، ئايروپىلاندا سودا بۆلۈمچىسىنىڭ بېلىتىنى سېتىۋالالماس بولغان. يەنە بەزى خەۋەرلەرگە كۆرە، ئىت باققان بەزى خىتايلارنىڭ «ئىشەنچ نومۇرى» تۆۋەنلىتىۋېتىلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئىتلىرى مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىلگەن (يەنى بۇلار ئىت بېقىشقىمۇ سالاھىيىتى يوق دەپ قارالغان، ت). «ئىجتىمائىي ئىشەنچ سىستېمىسى» پۇقرالارنى تىزگىنلەيدىغان ئۈنۈملۈك قورال بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى بارچە ئامالنى ئىشقا سېلىپ، مەزكۇر قورالنى چەتئەلدىكى خىتاي پۇقرالىرىغىمۇ ئىشلىتىشكە ئۇرۇنماقتا.

## خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدا «ئىقتىسادىي ياردەم» نامى ئاستىدا يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز تارقىتىش قىلمىشىغا تاقابىل تۇرۇش

خىتاي غەربتىن زور مىقداردىكى مەبلەغكە ئېرىشكەندىن كېيىن، مەزكۇر مەبلەغلەر ئارقىلىق ئىقتىسادىي ياردەم تونىغا ئورۇنغان دىپلوماتىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئافرىقا، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئاسىيا، ھەتتا ياۋروپا دۆلەتلىرىگە تەسىر قىلىشقا باشلىدى. سىرىلانكىنىڭ ھامبانتوتا پورتىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى خىتاينىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا سادىر قىلغان زومىگەرلىك قىلمىشلىرىدىن بىرىدۇر، خالاس. خىتاي شىركەتلىرى مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ چەتئەلدە پورتلارنى ياسايدۇ، ئاندىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز تارقىتىدىغان جازانىخورلارغا ئوخشاش، قەرزنى قايتۇرالمىغان زىيانلانغۇچى دۆلەتلەرنى ئاشۇ پورتلارنىڭ يۈز يىللىق ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قىستايدۇ. خىتاي «ھەمكارلىشىپ ئېچىش» نامىدا «ياردەم قىلغان»، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلانغان دۆلەتلەر ئوندىن ئاشىدۇ. سىرىلانكا پەقەتلا شۇلاردىن بىرى، خالاس.

بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشتە، ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەبلىغىنىڭ ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ قەرز پۇللىرىنىڭ خىتاينىڭ چەتئەلگە ياردەم بېرىش تۈرلىرىگە ئىشلىتىلمەسلىكىگە كاپالەت قىلىش ئۈچۈن، دىپلوماتىيە جەھەتتە كۈچلۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىشى كېرەك. لېكىن، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش جەھەتتە ساۋاق ئېلىشى كېرەك. بىز چوقۇم ئۇزۇن مۇددەتلىك، سىجىل پىلان ئارقىلىق مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى قويۇقلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىنى ۋە دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بىر دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىنى ساپ سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىنلا پەشنى قېقىپ كېتىپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، خىتاينىڭ بۇ خىل «چەتئەلگە ياردەم قىلىش» ئەندىزىسى ئامېرىكىنى چەتئەللەرگە ياردەم قىلىش ۋە تەرەققىيات مەسىلىلىرىدە قانداق قىلىش ھەققىدە ياخشى ئۆرنەك بىلەن تەمىنلىدى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئىچىملىك سۇ پىروجېكتلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى، لېكىن بىزدە مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم قىلىدىغان، ئاندىن ئامېرىكا شىركەتلىرىنى بۇ دۆلەتلەرگە مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، بۇ دۆلەتلەرنى ئامېرىكا بازىرىغا باغلايدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيە يوق. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئامېرىكىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەرەققىيات پىلانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىشقا ئاشمىدى. «ئافرىقاغا ئېنېرگىيە» (**Power Africa**) پىروجېكتى

**ئافرىقا دۆلەتلىرىنى توك ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، 2013 ـ يىلى ئامېرىكا خەلقئارالىق تەرەققىيات باش مەھكىمىسى (USAID) تەرىپىدىن باشلانغان، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار ھەمكارلاشقان، ئافرىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى ئىدى. مەزكۇر پروجېكت سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى، يەتمىش پىرسەنتى توك ئىشلىتەلمەيدىغان ئافرىقا خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىيالايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدە تولىمۇ ئېسىل پىلان ئىدى. مەزكۇر پروجېكتقا ئېفئوپىيە، گانا، كېنىيە، نىگېرىيە، سېنگال ۋە جەنۇبىي ئافرىقا قاتارلىق يىگىرمە نەچچە دۆلەت ئىشتىراك قىلغانىدى. لېكىن، بىز ئېلېكتىر ئىستانىسىسى قۇرۇش ۋە توك سىملىرىنى تارتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقىمىز كېرەك. خىتاي تېلېگراف شىركەتلىرى ئېفئوپىيەدە يانفون زاۋۇتلىرىنى ئاچتى. خىتاي ھۆكۈمىتى كېنىيەدە تۆمۈر يول ياسىدى، شۇنداقلا مەزكۇر شەرقىي ئافرىقا دۆلىتىگە يېڭى پورت ياساپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ دۆلەتكە چوڭقۇرلاپ سىڭىپ كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.**

**ئامېرىكا پۇلنى باشقا دۆلەتلەردە ئۇرۇش قىلىشقا ئەمەس، (خىتاينىڭ قىلغىنىدەك) چەتئەللەردىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشى كېرەك. بىز خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى تاكتىكىسىنى ئۆگىنىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى شۇ رايوننىڭ دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىدىكى ئىستىھكامىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، چوقۇم دېموكراتىيە پىرىنسىپى بىلەن ئەركىن بازار پىرىنسىپىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بىر دۆلەت ئاشۇ خىل تەرەققىيات جەريانىدا، بارغانسېرى ئوچۇق ـ ئاشكارا ۋە ئېچىۋېتىلگەن بولالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر ياردەم پروجېكتلىرىدە مەبلەغ سېلىش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرسىتى كۆرۈلسە، ئامېرىكا كارخانىلىرىنى بۇ پۇرسەتلەردىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك. چۈنكى، نېملا دېمىگەن بىلەن، بۇ پۇرسەتلەر بىزنىڭ پۇل ۋە ئادەم كۈچى ياردىمىمىز ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققان ـ دە! يەنى بىز پۇل چىقىرىپ، باشقىلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ بەرگەندىن كېيىن، پېشمىزنى قېقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى خىتاي شىركەتلىرىگە تاشلاپ بېرىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلاشقان ئاشۇ دۆلەتلەر ۋە شۇ دۆلەتلەرگە مەبلەغ سالغان ئامېرىكا شىركەتلىرىگە نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇزىدىغان ئەمەس قۇرىدىغان ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك.**

**يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇ دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىشتە، ئۇلارنى ئۆزلىرى خالاپ دېموكراتىكلەشتۈرىدىغان نۇرغۇن ئىقتىسادىي چارىلەر مەۋجۇت. ئامېرىكانىڭ سالۋادوردا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى چارلېس گىلېيزېرنىڭ (Charles L. Glazer) كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، جەنۇبىي ئامېرىكادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئېنگلىز تىلىدا سۆزلىشەلەش تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە راۋۇرۇس ئەسقاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، توردا ھەقسىز ئېنگلىز تىلى تەسىس قىلىپ تارقىتىشنىڭ ئۆزىلا، ئامېرىكانى مەزكۇر دۆلەتلەردە نۇرغۇن ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۈرىدۇ. مەزكۇر دۆلەتلەردە ئامېرىكانىڭ تەسىرىنى شەكىللەندۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، گىلېيزېرنىڭ كۆرسىتىشىچە، سالۋادور دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى ئامېرىكادىكى سالۋادورلۇق كۆچمەنلەرنىڭ سالۋادورغا سالغان پۇلى تەشكىل قىلىدىكەن. گىلپىيزپىرغا كۆرە، ئامېرىكادىكى ئوتتۇرا ـ جەنۇبىي ئامېرىكالىق كۆچمەنلەر ئامېرىكانىڭ مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي مۇھىتىنى قايتىدىن بەرپا قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيدىكەن.

ئاخىرىدا، ئامېرىكا ختاينىڭ ئامېرىكادىكى تۈرلۈك قىلمىشلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن «مونرو تەلىماتى»نى (Monroe Doctrine ـــ مونرو تەلىماتى: ئامېرىكا پرېزىدېنتى جېيمس مونرو 1823 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دۆلەت مەجلىسىگە سۇنغان تەلىمات، ۋىكىپېدىيا) ئەسلىگە كەلتۈرسە ۋە ئۇنى قايتىدىن تەكتىلىسە بولىدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ختاينىڭ بېلىقچىلىق كېمىلىرى خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپ ھالدا، جەنۇبىي ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىدە تور تاشلاپ بېلىق تۇتۇپ كەلدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە دېڭىز ئارمىيىسى ۋە دېڭىز بويى چارلاش ئەترەتلىرىنىڭ قوغدىشى يېتەرسىز. ئامېرىكا «مونرو تەلىماتى»دىن ئىبارەت ئىككى يۈز يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە، ئامېرىكانىڭ جەنۇبىي ئامېرىكادىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى تاشقى مۇداخىلىدىن قوغداش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان سىياسەتنى قايتىدىن يولغا قويسا، بۇ جەنۇبىي ئامېرىكالىق دوستلارغا ئامېرىكانىڭ ئۇلارنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىنى چارلاپ بېرىدىغانلىقى، شۇنداقلا زۆرۈر تېپىلغاندا قانۇنسىز بېلىق تۇتقان بېلىقچىلىق كېمىلىرىنى چۆكتۈرۈۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەرگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېمىلەرگە دىپلوماتىيەدىكى قاتتىق قوللۇقتەك تەسىر بەرسە، دۇرۇس، بۇ دەرۋەقە قاتتىق قوللۇقتۇر. ختاينىڭ خەلقئارا قانۇننى كۆزگە ئىلىپ كەتمەسلىكىدىكى، شۇنداقلا ختاي بېلىقچىلىق شىركەتلىرىنىڭ قالايمىقان بېلىق تۇتۇشىنى، (باشقا شىركەتلەرنىڭ) ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاش ۋە ئوغرى نەشر قىلمىشلىرى توسماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ختاي تېخىچە بۇ قانۇنسىز قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تېتىپ، ئۇنىڭدىن ساۋاق ئالغىنى يوق.

## ئامېرىكا ئۇل مۇئەسسەسە بانكىسى

ئامېرىكادىكى شتاتلار ۋە شەھەرلەر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشقا باشلىغاندا، پىلاننى بېكىتىپ، خېرىدار چاقىرىشقا باشلايدۇ. ختاي (ھەقىقىي تۈردە) ئىقتىسادىنى ئېچىۋېتىپ، ئەرزان سودىغا يول قويۇپ، خەلقئارا سودا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشنى توختىتىشتىن ئىلگىرى، ئامېرىكانىڭ ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىنى ختاي مەبلەغ سالغان ھەر قانداق شىركەتكە بەرمەسلىك ياكى بۇنداق شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكادىكى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تۈرلىرىگە مەسئۇل بولۇشىغا يول قويماسلىق كېرەك.

ختاي مەبلەغ سالغان بارلىق شىركەتلەر ئاساسەن ختاي كومپارتىيەسىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئەگەر بۇ شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكا شەھەرلىرىدىكى قاتناش، سۇ تۇرۇبىسى ياكى ئېلېكتر تورى قاتارلىق ئاممىۋى

تۈرلەرگە خەيردار بولۇشقا يول قويۇلسا، مېنىڭ نەزىرىمدە، بۇ يېڭىكرەك ئېيتقاندا، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ۋە نازارەتچىلىكنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى؛ تېخىمۇ ئېغىرراق ئېيتقاندا، دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىشقا يېقىن قىلمىشتۇر. دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ قۇرۇلۇشلارنى ياكى ھۆددىگەرلىك تۈرلىرىنى خىتاي مەبلەغ سالغان شىركەتلەرگە تاپشۇرۇش دۈشمەننى قەلئەگە باشلاپ كىرگەنلىك، ئاپەتنى چىللىغانلىق بولماي نېمە؟ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆزىمۇ باشقا دۆلەتلەرنى خۇاۋېيغا ئوخشاش تېلېگراف شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىششتىن ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندەۋاتقان ئەھۋالدا، ئامېرىكا سودا ساھەسىدىكىلەر ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭمۇ بۇ تەۋسىيەگە قۇلاق سېلىپ قويۇشى كېرەكمۇ قانداق؟

خىتاي تاشيول ياساش، شەھەر، پورت، ئايرودروم ۋە كارخانا قۇرۇشقا نۇرغۇن پۇل ۋە بايلىقلارنى سەرپ قىلىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا، ئامېرىكانىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى بارغانسېرى چېكىنىۋاتىدۇ. 2013 ـ يىلى، «ئامېرىكا ئامموۋى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى جەمئىيىتى» (ASCE) ئامېرىكانىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى باھالىغاندا، ئارانلا «+D» نومۇر قويىدى. شۇ ۋاقىتتىن بۇيانغىچە، ئامېرىكا يول، سۇ توسمىسى، ئىچىملىك سۇ، ئېنېرگىيە ۋە باشقا مۇھىم ئامموۋى قۇرۇلۇشلارغا قارىتا مەملىكەت خاراكتېرلىك ياخشىلاش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، «ئامېرىكا ئامموۋى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى جەمئىيىتى»نىڭ 2017 ـ يىلىدىكى قايتا باھالىشىدا، ئامېرىكانىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرىگە يەنىلا ئوخشاش نومۇر قويۇلدى. كەلگۈسى ئون يىلدا، ئامېرىكا بۇ كۆپ تەرەپلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەخمىنەن بەش تىرىليون ئامېرىكا دوللىرى خامچوتقا موھتاج. گەرچە ئۇل مۇئەسسەسەلەرنىڭ مۇقىملىقى دۆلەت ئىقتىسادى ۋە بەختەرلىكى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما فېدېرال ھۆكۈمەت، شتاتلىق ھۆكۈمەت ياكى يەرلىك ھۆكۈمەت بۇنچە كۆپ پۇل ئاجرىتالمايدۇ. ئامېرىكانىڭ ئىلگىرى خېلىلا مۇقىم بولغان دۆلەت ئىقتىسادىدىن مەنبەلەنگەن يېتەرلىك باج ئاساسى ئامېرىكانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قۇرۇلۇشلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەر شارىلىشىش نەتىجىسىدە سىرتقا ئاقتى. ئامېرىكا زاۋۇتلىرىدا ئالدىراش ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەنزىرىلەر كۆرۈنمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. بىزنىڭ مەبلەغ سېلىش كۆلتۈرىمىز ھازىر پاي چېكى بازىرى ۋە قىسقا مۇددەتلىك پايدىنى قوغلىشىدىغان مەبلەغ سېلىش ئەندىزىسىگە مەركەزلىشىپ قالدى. پاي ئۆسۈمى يارىتىش ۋە پاي باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش دۆلەت بىخەتەرلىكى ياكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىقتىنمۇ مۇھىم بولۇپ قالدىمۇ؟ ئەگەر بۇ ھالەت داۋاملاشسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قانداقمۇ بىزگە نىسبەتەن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى ياخشىلاش ئۈچۈن خامچوت تويلىيالايدۇ؟

مەن ئۇزۇندىن بۇيان پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، «ئامېرىكا ئۇل مۇئەسسەسە بانكىسى»نى (Infrastructure Bank for America) ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلدىم. چۈنكى، بىر تالاي چېقىملىرى بار فېدېرال ھۆكۈمەتتىن خامچوت كۈتۈشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىمىز ئالاقىدار ئورگاندىن بىرنى قۇرۇپ، تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز ۋە چەك ئالماشتۇرۇش شەكلىدە، بىۋاسىتە ياكى شتاتلىق ۋە يەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمەتلەر ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆي مۇئەسسەسە تۈرلىرىگە مەبلەغ توپلىغىنىمىز ياخشى ئىدى.

مەزكۇر ئۆي مۇئەسسەسە بانكىسى توغرىسىدا دۆلەت مەجلىسىگە سۇنۇلغان قانۇن لايىھەسىگە كۆرە (ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ «ئامېرىكا ئۆي مۇئەسسەسە بانكىسى قانۇنى»نىڭ HR 3977 ـ ماددىسى)، بۇ بانكىنىڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ھوقۇقى فېدېراتسىيە زاپىسى سىستېمىسى (Federal Reserve System) باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ قولىدا بولىدۇ. تۆۋەندىكىسى مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى بولۇپ، مەزكۇر بانكا:

(1) خۇسۇسىي ئورگانلارنىڭ پايدا ئالىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئۆي مۇئەسسەسە پروجېكتىنى باشلىشى ياكى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن بىۋاسىتە قەرز ۋە قەرز كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ؛

(2) شتاتلىق ھۆكۈمەتلەر ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ، شۇنداقلا شتات دەرىجىلىك ئۆي مۇئەسسەسە بانكىلىرىنىڭ ئۆي مۇئەسسەسە پروجېكتىنى باشلىشى ياكى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ۋاسىتىلىك قەرز ۋە قەرز كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەر بىر قەرز ۋە قەرز كاپالىتى سوممىسىنىڭ كەم دېگەندە يەتتە پىرسەنتى يېزىلاردىكى ئۆي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا تەقسىم قىلىنىشى كېرەك.

ئامېرىكا ئۆي مۇئەسسەسە بانكىسىغا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن مەبلەغ توپلىنىدۇ، بۇ خۇسۇسىي ۋە دۆلەت مەبلەغلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ خەلقىنىڭ كۈچى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىدۇر. جەمئىيەتكە زۆرۈر بولغان مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا تېخىمۇ كۆپ مۇشۇ خىل ئۇسۇللار ئويلاپ چىقىلىشى كېرەك. ئۆي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا مەبلەغ سالغاندا، ئىشسىزلىق نىسبىتىنى تۆۋەنلەتكىلى، دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى، باج ئاساسىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ مائاشى ئۆسكەنسېرى، شتاتلىق ھۆكۈمەت ۋە فېدېرال ھۆكۈمەتنىڭ باج كىرىمىمۇ ماس ھالدا ئاشىدۇ.

ئامېرىكا تارىخىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «دۆلەتلىك ئۆي مۇئەسسەسە بانكىسى» بولۇپ باققان. 1934 ـ يىلى، فرانكلىن روزۋېلت (Franklin D. Roosevelt) يېڭى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات سىياسىتىنى يولغا قويغان مەزگىلدە، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى «دۆلەت تۇرالغۇ قانۇنى» نى ماقۇللىغان. بۇ قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىدا مۇنداق ئىككى مەقسەت بار ئىدى:

(1) ئۆي سېتىۋالغۇچىلارنى نەق پۇل بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، قەرز قايتۇرۇلمىغان تەقدىردە رەنىگە قويۇلغان ئۆيلەرنى تارتىۋېلىش ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىدىن ساقلىنىش؛

(2) فېدېراتسىيە ئۆي قەرزى بانكىسى (FHLBank) سىستېمىسى شەكلىدە فېدېراتسىيە بانكىسى قۇرۇپ، ئەرزان باھالىق ئۆي قەرزى تارقىتىش ئارقىلىق ئۆيى بار كىشىلەرنى كۆپەيتىش ۋە قۇرۇلۇش سالمىقىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

بىزمۇ ھازىر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۇئەسسەسەگە ئېھتىياجلىق. ئامېرىكا فېدېراتسىيە تۇرالغۇ قەرزى بانكا سىستېمىسى خۇسۇسىي ئورگان بولۇپ، مەبلەغ توپلاش ۋە باشقۇرۇشنىڭ ھەممىسىنى خۇسۇسىي تارماقلار ئۈستىگە ئالىدۇ، شۇڭا، ئۇ سىياسىي ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ ھەمدە پۇلنىڭ تۇرالغۇ بازىرىغا مۇقىم ئېقىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. بىز ئوتتۇرىغا قويغان ئامېرىكا ئۇل مۇئەسسەسە بانكىسىنىڭ تىجارەت نىشانلىرىدىن بىرى ئاممىۋى ۋە خۇسۇسىي تەرەققىيات ئۈچۈن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بىلەن تەمىنلەش بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، فوند باشقۇرغۇچىلار ۋە شىركەتلەر بۇنى دۆلەتىمىزنىڭ مۇقىملىقى، تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە بەختەرلىكىگە مەبلەغ سېلىشنىڭ مۇقىم پۇرسىتى ـــ شۇنداقلا ئېھتىياجى ـــ دەپ تونۇيدۇ. كېيىن قولغا كەلگەن پايدىلار ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ خاتالاشمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ بابنى ئوقۇغان چېغىڭىزدا، دەسلەپتە ختاي كومپارتىيىسىگە قارشى چەكلىمىسىز ئۇرۇش ئىنتايىن زور ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپە ئىكەن، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ بۇ قوغداش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئۆز ئىچىمىزدىكى بۆلۈنۈش، ئاچكۆزلۈك ۋە تەكەببۇرلۇقتۇر. ئامېرىكالىقلار ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ تۆرتكىسىدە بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تېزدىن يېڭىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق بەخت ـ سائادىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. بۇ بابتىكى مەزمۇنلارنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ، كەلگۈسىمىزنى ۋە تەڭرى پەرزەنتلىرىمىزگە ئاتا قىلغان ئەركىنلىكنى قانداق قوغداش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك قەدەم ـ باسقۇچلارنى بايان قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر:

1. ئامېرىكالىقلارنى ختاي شىركەتلىرىنىڭ ـــ بولۇپمۇ ختاي كومپارتىيەسىنىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇشىغا ھەمدەمدە بولىدىغان شىركەتلەرنىڭ ـــ ياكى ئۇلارنىڭ تارماق ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاكسىيە بېرژىسىغا كىرىشىگە ۋە زايومىغا مەبلەغ سالماسلىقىقا ۋە سېتىۋالماسلىققا قايىل قىلىش ياكى شۇنداق قىلىشنى چەكلەش.

2. سامسۇڭ ۋە ئېرىكسون قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكادا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسەسى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن بازار شارائىتى يارىتىش. بۇ ئوغرىلىق ياكى بۇزغۇنچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يوچۇقلارنىڭ بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

3. ئامېرىكالىقلارنى ئامېرىكادىكى ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ياسىمچىلىققا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش. بۇنىڭ دۆلەتلىك ئۇل مۇئەسسەسە بانكىسى قۇرۇش، باجدا ئېتىبار بېرىش، سانائەت ۋە ئۇل مۇئەسسەسە زايومىنى قوللاش، شۇنداقلا قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن ۋە ئىنساپسىز سودىگەرلەردىن دائىمىي تاموژنا بېجى ئېلىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

**4. 5G مۇئەسسەسەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك ئۆلچىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. بىز بارلىق ئالاقىنى مەخپىيلەشتۈرەلەيدىغان بىخەتەر ئۇچۇر تورىغا موھتاج.**

**5. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، دەرھال تىنچ ئوكياندا زامانىۋى قوماندانلىق ۋە كونترول سىستېمىسى بولغان C4ISR تورىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن مەبلەغ ئاجرىتىش. ئاندىن ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرىمىز بىلەن بىللە، كۆچمە باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشلاش.**

**6. پۇقرالارنى، سودا ساھەسىدىكىلەرنى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىمىزنى خىتاينىڭ دېموكراتىيەمىز ۋە ئۇللۇق ئەركىنلىكىمىزگە ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن ۋاقىپلاندۇرىدىغان مەخسۇس ھۆكۈمەت ئورگىنى تەسىس قىلىش. بۇ ئورگان ھاۋالە ۋە مەبلەغ سېلىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەت بىخەتەرلىكى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇجادىلىنى قوزغىشى كېرەك. شىركەت مۇدىرىيىتى ئەزالىرى، پايچىكلار، ياشانغاندا كۆتۈنۈش فوندى دىرېكتورلىرى ۋە مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرى خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي تەسىر كۈچ شەكىللەندۈرۈش ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنمىزنى قوزغىتىشتىكى رولىنى چۈشىنىشى كېرەك. بىز يەرشارىدىكى ئەڭ مۇستەبىت، بىكىك جەمئىيەتلەرنىڭ بىرى بولغان خىتايغا مەبلەغ سېلىشنىڭ زۇلۇمغا مەبلەغ سالغانلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك پائالىيەت قوزغاشقا موھتاج. ساختا خەۋەر ۋە خاككېرلىق ھۇجۇملىرى ئەۋج ئالغان بۇ دەۋردە، بىز ھۆججەت ۋە دوكلاتلارنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بەلكىم ھۆججەت ياكى پروگراممىغا كىرگۈزۈلگەن ھەرقانداق ئۆزگەرتىش شۇ ھۆججەتنىڭ ئۆزىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان «بۆلەك زەنجىرى» (blockchain) ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن.**

**7. سىياسىيونلار، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن تارماقلىرى بىلەن ئالاقىسى بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان ئورگان ئىچى تازىلاش ئاپپاراتى تەسىس قىلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش.**

**8. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە قايتىدىن قاراپ چىقىپ، مەزكۇر دۆلەتلەر بىلەن خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»گە تاقابىل تۇرۇش خۇسۇسىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمكارلىق ئورنىتىش. بىز يەنە دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىغا بولغان رولىمىزنى قايتىدىن جارى قىلدۇرۇپ، خىتاينىڭ بۇ ئورگانلارنى ئۆزىنىڭ پۇل خالتىسى ئورنىدا ئىشلىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك.**

9. ئەركىن سودا ، دېموكراتىك پرىنسىپلار، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش مەسىلىسىدە بىز بىلەن ئوخشاش پىكىردىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن يېڭى ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش.

10. ئارمىيەمىزنى قايتا قۇرۇپ چىقىش. بىز بومبا بىلەن ئوققا بەك كۆپ پۇل خەجلەۋاتىمىز. بىز ئەسلىدە ھەربىي خىراجىتىمىزنى ئۇل مۇئەسسەسە، ياسىمچىلىق، ئىلىم - پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق، ماتېماتىكا، تەتقىقات ۋە لايىھەلەشكە ئىشلىتىپ، 5G تېخنىكىسىغا، سۈنئىي ئىدراكقا ۋە كىۋانت ھېسابلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك ئىدى.

11. ئامېرىكا تور قوماندانلىق شتابىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. ئۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە، ھاۋا ئارمىيەسى، دېڭىز ئارمىيەسى، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىش قىسمى ۋە دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتى بىلەن بىر قاتاردا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئالتىنچى تارمىقىغا ئايلىنىشى كېرەك.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى



# كوسوۋونىڭ ئۆتمۈشى، مۇستەقىل بولۇشى ۋە بۈگۈنى

# كوسوۋونىڭ ئۆتمۈشى، مۇستەقىل بولۇشى ۋە بۈگۈنى

كوسوۋو نەچچە ئەسىرلىك سىياسىي داۋالغۇش، ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، سېربلار ھاكىم ئورۇندا تۇرىدىغان يۇگوسلاۋىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى تىنىمسىز مۇجادىلە قىلىش نەتىجىسىدە، ئاخىرىدا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن، دۇنيادىكى ئەڭ ياش دۆلەتتۇر.

دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى «دۆلەت» نۇقتىسىدىن ئاساسەن تۇرغۇنلاشقان، يېڭىدىن بىرەر دۆلەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بىر ئەھۋال بولۇپ قالغان بۇ دەۋردە، كوسوۋونىڭ كەچمىشى ۋە بۈگۈنى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، بىزگە ئوخشاش ئاسارەتتىكى مىللەت ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بولىسا كېرەك.

ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، كوسوۋو جايلاشقان بالقان رايونىنىڭ كۆپ قىسمى بىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە قارايتتى. سېربلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي سلاۋيان خەلقلىرى مىلادىيە 6 - ئەسىردىن باشلاپ بالقان يېرىم ئارالىغا يەرلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ۋە تىل جەھەتتە سېربلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالبانلار ئالىبۇرۇن ئارالنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، يەنى ھازىرقى ئالبانىيەگە يەرلىشىشكە باشلىغانىدى. بىزانتىيەنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، كوسوۋو رايونى نېمانجىچ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سېربىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. مەۋجۇت ماتېرىياللارغا كۆرە، كوسوۋونىڭ شۇ چاغدىكى ئاساسىي نوپۇسى سېربلار بولسىمۇ، ئەمما ئاز ساندىكى ئالبانلارمۇ بار ئىدى.

1389 - يىلى پىرىستىنا (كوسوۋونىڭ پايتەختى)نىڭ غەربىدە يۈز بەرگەن كوسوۋو ئۇرۇشىدا، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنى سېربلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. 15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، تۈركلەر كوسوۋونى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سېربىيەگە بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ زەپىرىدىن كېيىنكى ئەسىرلەردە، كوسوۋودىكى پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سېرب ئاھالىنىڭ زور بىر قىسمى شىمالغا ۋە غەربكە كۆچۈپ كەتكەن بولسا، بەزىلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. 1690 - يىلى ئاۋستىرىيە بۇ رايونغا تاجاۋۇز قىلغاندا، نۇرغۇنلىغان سېربلار تاجاۋۇزچىلار بىلەن بىر سەپتىن ئورۇن ئالغانىدى. كېيىن، ئاۋستىرىيە ئارمىيەسى چېكىندۇرۇلگەندە، تەخمىنەن 30 ~ 40 مىڭ سېرب قەبىلە باشلىقلىرىغا ئەگىشىپ، ئاۋستىرىيە ئارمىيىسى بىلەن بىللە كەتتى.

گەرچە 18 ـ ئەسىرگە قەدەر كوسوۋودا ئالبانلارنىڭ كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغانلىقى مەلۇم بولمىغان بولمىسىمۇ، ئالبان تىللىق مىللەتلەرنىڭ مەزكۇر رايوننىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئىزچىل ئېشىپ بارغان. 1766 ـ يىلى پېچ (Pejë)دىكى سېربىيە پراۋۇسلاۋىيە قەبىلە باشلىقى تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كوسوۋونىڭ سېربىيەنىڭ كۇلتۇرەل مەركىزى بولۇش جەھەتتىكى مۇھىملىقىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، كوسوۋو يەنىلا سېربىيەنىڭ مىللىي كۆلىنىش دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ يەردە ئېپوس كۇلتۇرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئېپوسلاردا كوسوۋو سېربلارنىڭ مىللىي ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ئارزۇسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە نامايەن قىلىنغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالبانلار بارغانسېرى مەزكۇر رايوننىڭ خەلقى سۈپىتىدە تونۇلدى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە پرىزرېن (Prizren) ئالبان كۇلتۇرى ۋە مىللىي كىملىكنىڭ مۇھىم مەركىزىگە ئايلاندى.

## يۇگوسلاۋىيەدىكى كوسوۋو

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىن مۇستەقىل بولغان سېربىيە 1912 ـ يىلى بىرىنچى بالقان ئۇرۇشىدىن كېيىن كوسوۋونى قولىغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما 1915 ـ يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە كوسوۋونى يەنە قولىدىن چىقىرىپ قويىدى. ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە ۋە بۇلغارىيە تەرىپىدىن بۇلۇشۇۋېلىنغان كوسوۋونىڭ ئىشغالىيىتى 1918 ـ يىلى ئاخىرلىشىپ، كوسوۋو سېربىيەنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە يېڭى «سېرب، كرودىيە ۋە سلوۋېنىيە پادىشاھلىقى»غا (كېيىنچە يۇگوسلاۋىيە دەپ ئۆزگەرتىلگەن) قوشۇۋېتىلدى. بارغانسېرى زورايغان سېربىيە ئارمىيىسى 1918 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مىڭلىغان كوسوۋولۇق ئالبانلارنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى، نۇرغۇن كىشىلەر ئاخىرىدا تۈركىيەگە (ئۇ چاغدا تېخى ئوسمانلى ئىدى) كۆچۈپ كەتتى. يېڭى بېلگراد (سېربىيەنىڭ پايتەختى) ھۆكۈمىتى كېيىن كوسوۋو ئالبانلىرىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، سېرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كوسوۋوغا كۆچۈشىگە ياردەم بەردى. سېربلارنىڭ سانى كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئاز سانلىق ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، «ئوق مەركىزى» (Axis) دۆلەتلىرى 1941 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، كوسوۋو قوشنىسى ئالبانىيە بىلەن بىرلىكتە ئىتالىيەنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى. نەتىجىدە، كوسوۋولۇق ئالبانلار شۇنىڭدىن كېيىن مىڭلىغان سېرب مۇستەملىكىچىلىرىنى كوسوۋودىن قوغلاپ چىقاردى ياكى ئۆلتۈردى.

1944 ـ يىلى «ئوق مەركىزى» قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىشى بىلەن، كوسوۋونىڭ داۋاملىق ئالبانىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغان يەرلىك ئالبانلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى ۋە بۇ قوزغىلاڭ يۇگوسلاۋىيەدىكى يېڭى كوممۇنىست ھۆكۈمەتنىڭ پارتىزان ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. يېڭى فېدېراتىپ يۇگوسلاۋىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ھۆكۈمىتى كوسوۋوغا سېربىيە جۇمھۇرىيىتى ئىچىدىكى

ئاپتونوم رايونلۇق (ۋە كېيىن ئاپتونوم ئۆلكىلىك) سالاھىيىتى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما كوسوۋو ئالبانلىرى ئارىسىدىكى مىللەتچىلىك خاھىشىنى داۋاملىق باستۇرۇپ كەلدى.

1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتى ئالبانلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئالبانلارنىڭ ئۆلكە ۋە دۆلەت دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىشىغا شارائىت ھازىرلىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. كوسوۋونىڭ بۇ شەكىلدە «ئالبانلىششى»دا، بارغانسىرى كۆپىلگەن سېربلارنىڭ سېربىيەگە كۆچۈشىنىڭمۇ زور تۆرتكىسى بار ئىدى. سېربلارنىڭ كۆچۈشى ۋە ئالبانلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى نەتىجىسىدە، ئالبانلارنىڭ كوسوۋو نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1946 ـ يىلدىكى ئەللىك پىرسەنتتىن 1981 ـ يىلى 75 پىرسەنتكە، 1991 ـ يىلى بولسا سەكسەن پىرسەنتكە ئۆرلىدى. بۇ ۋاقىتتا سېربلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ يىگىرمە پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى.

1974 ـ يىلى يولغا قويۇلغان يۇگوسلاۋىيە ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن، كوسوۋونىڭ «ئاپتونوم رايون»لۇق سالاھىيىتى ئەمەلىيەتتە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە يېقىن بىر سالاھىيەت ئىدى. 1973 ـ ۋە 1979 ـ يىللىرى خەلقئارا ئېنېرگىيە باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆسۈشى يۇگوسلاۋىيە ئىقتىسادىغا كۈنسېرى ئېغىر بېسىم ئېلىپ كەلدى. يۇگوسلاۋىيەدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدا تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا، بولۇپمۇ كوسوۋوغا ياردەم بېرىش مەسىلىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. كوسوۋودا بولسا، 1981 ـ يىلى پىرىستىنادىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشىدىن باشلىنىپ، بىر قانچە شەھەردە ئېغىر ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى.

يۇگوسلاۋىيە جۇمھۇرىيەتلىرى ئارىسىدا سودا ۋە سىياسىي ئەۋزەللىك ئۈچۈن كەسكىن سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جەرياندا، سېربىيەدىكى سىياسىيونلار كوسوۋولىقلارنىڭ باشقا يۇگوسلاۋىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىر سەۋىيەدە، ھەتتا سېربىيەنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىدىن نارازى بولۇشقا باشلىدى. سېربلارنىڭ كوسوۋو ۋەزىيىتىگە بولغان نارازىلىقى سلوبودان مىلوشېۋىچ (**Slobodan Milošević**) تەرىپىدىن سىياسىي دەسمايە سۈپىتىدە قوللىنىلدى. ئۇ سېربلارنىڭ كوسوۋوغا بولغان نارازىلىقىنى كۈرۈكلەش ئارقىلىق 1987 ـ يىلى سېربىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەھبىرى، 1989 ـ يىلى سېربىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرېزىدېنتى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سېربىيەدىلا ئەمەس، بەلكى ۋوجوودىنا ۋە كوسوۋو ئاپتونوم ئۆلكىلىرى ۋە قاراتاغ جۇمھۇرىيىتىدىمۇ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ، يەنى يۇگوسلاۋىيەدىكى سەككىز كومپارتىيەنىڭ تۆتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزگەن مىلوشېۋىچ يۇگوسلاۋىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كۆز تىكىشكە باشلىدى. مىلوشېۋىچ سېربىيە پىرېزىدېنتى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كوسوۋونىڭ ئاپتونومىيىسىنى بىكار قىلدى ـ دە، سېربىيە كوسوۋونى بىۋاسىتە باشقۇرۇشقا باشلىدى. كوسوۋودىكى ئالبانلار بۇ تەدبىرلەر سەۋەبىدىن زوراۋان نامايىشلارنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، مىلوشېۋىچ 1990 ـ يىلى سېرب ھەربىي

قىسمىلىرىنى كوسوۋوغا ئەۋەتىپ، كوسوۋو مەجلىسىنى تارقىتىۋەتتى ۋە ئالبان تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان مەكتەپلەرنى تاقىتىۋەتتى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن يۇگوسلاۋىيە هۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان رېفېراندۇمدا، كوسوۋولۇقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى سېربىيە ۋە يۇگوسلاۋىيەدىن ئايرىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يۇگوسلاۋىيە هۆكۈمىتىنىڭ كوسوۋوغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلى ۋە سېربىيەنىڭ كوسوۋو ئالبانلىرىنىڭ مىللەتچىلىك خاھىشىغا قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ قاتتىقلىقى 1991 ـ يىلى فېدېراتىپ يۇگوسلاۋىيە دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەردىندۇر. 1992 ـ يىلى يېڭى يۇگوسلاۋىيە دۆلىتى قۇرۇلدى. ئۇ پەقەت سېربىيە ۋە قاراتاغدىنلا تەركىب تاپقان بولۇپ، مىلوشېۋىچنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. كوسوۋولۇق ئالبانلار بېلگراد هۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى هەربىي كۈچ ئىشلىتىشنى خالايدىغانلىق تۇتۇمىغا قارىتا، پاسسىپ، تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى تاللىدى. تىنچلىقپەرۋەر ئىبراهىم رۇگوۋانىڭ رەهبەرلىكىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالبان تىلىدىكى مەكتەپلىرىنى قۇردى ۋە باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلار تورىنى تەشكىللىدى.

كوسوۋولۇق ئالبانلار ئۆزلىرىنىڭ «هەمكارلاشماسلىق» هەرىكىتىنىڭ (noncooperation campaign) سېربلار هۆكۈمرانلىق قىلغان يۇگوسلاۋىيە هۆكۈمىتىدىن مۇستەقىل بولۇپ چىقىش، هەتتا ئاپتونومىيە هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش جەهەتتىمۇ مەغلۇب بولۇشىدىن بارغانسېرى ئۈمىدسىزلەندى. گەرچە كۆپ قىسىم ئالبانلار يەنىلا زوراۋانلىق قىلماسلىق پرىنسىپىغا سادىق بولسىمۇ، 1996 ـ يىلى بارلىققا كەلگەن كىچىك كۆلەملىك ئالبان پارتىزانلار تەشكىلاتى بولغان «كوسوۋا ئازادلىق ئارمىيەسى» (KLA) كوسوۋودىكى سېربىيە ساقچىلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىغا هۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. 1997 ـ يىلى «كوسوۋو ئازادلىق ئارمىيىسى» ئالبانىيەدە قولغا كەلتۈرۈلگەن قوراللار ئارقىلىق هۇجۇمىنى ئېخمۇ كۈچەيتتى، نەتىجىدە كۆپىنچىسى سېربلاردىن تەشكىل تاپقان يۇگوسلاۋىيە ئارمىيەسى 1998 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قوزغىلاڭچىلار كونتروللۇقىدىكى درېنىكا (Drenica) رايونىدا كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش هەرىكىتى ئېلىپ باردى. شۇ يىلى يازدا، «كوسوۋو ئازادلىق ئارمىيىسى» بىلەن ئېغىر قوراللارغا ئىگە يۇگوسلاۋىيە ئارمىيىسى، سېربىيە ساقچىلىرى ۋە سېربىيە يېرىم هەربىي گۇرۇپپىلىرى ئوتتۇرىسىدا كەڭ كۆلەملىك توقۇنۇش يۈز بەردى. يۇگوسلاۋىيەنىڭ هەربىي هەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە، يەنە مىڭلىغان ئالبان كەنت ئاهالىلىرى يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلدى. شۇ يىلى يازنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ مۇساپىرلارنىڭ ئەهۋالى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغاشقا باشلىدى.

خەلقئارالىق سۆهبەت ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكالىق ۋەكىللەر كوسوۋو توقۇنۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن يۇگوسلاۋىيە دائىرىلىرى ۋە كوسوۋولۇق ئالبان ۋەكىللەر بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشتى. نەتىجىدە، 1998 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا

يۇگوسلاۋىيە ئارمىيىسىنىڭ «كوسوۋو ئازادلىق ئارمىيەسى»گە قارشى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىشى بىلەن، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى بۇزۇلدى. 1999 ـ يىلى 2 ـ ئايدا فىرانسىيەنىڭ رامبوئىلىت (Rambouillet) شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئۇزۇن ئۆتمەي سېربىيە ۋە كوسوۋودىكى تاللانغان سېرب نىشانلىرىنى ھاۋادىن بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. يۇگوسلاۋىيە ۋە سېربىيە قىسىملىرى بۇنىڭغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە كوسوۋو ئالبانلىرىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك مىللىي تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، شۇ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە، نەچچە يۈزمىڭ مۇساپىر ئالبان ئالبانىيە، ماكېدونىيە ۋە قاراتاغ قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بومباردىمانى 6 ـ ئايدا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغانغا قەدەر داۋاملاشتى. مەزكۇر تىنچلىق كېلىشىمدە يۇگوسلاۋىيە ۋە سېربىيە قىسىملىرىنىڭ كوسوۋودىن چېكىنىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا كوسوۋودا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىنى تۇرغۇزۇش بەلگىلەندى.

1999 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كوسوۋونى ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، كوسوۋودىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ياردەم بەردى. تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ماددىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كوسوۋو مۇساپىرلىرى يۇرتىغا قايتىشقا باشلىدى. كوسوۋودا قالغان سېربلار بولسا ئاندا ـ ساندا ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراپ تۇرغاچقا، رايوندىن قېچىشقا باشلىدى ـ دە، نەتىجىدە سېربلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىللىگەن نىسبىتى ئون پىرسەنتتىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

بۇ جەرياندا، 2003 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە دۆلەت نامىنى سېربىيە ۋە قاراتاغقا ئۆزگەرتتى، ئاندىن بۇ دۆلەتمۇ 2006 ـ يىلى بىر قانچە مۇستەقىل دۆلەتكە پارچىلاندى. سېربىيە ئىزچىل كوسوۋونىڭ ئۆزىنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، ئالبانلارنىڭ مۇستەقىللىق ساداسى بارغانسېرى كۈچەيدى. سېربىيە جەنۇبتىكى بۇ قىممەتلىك زېمىنىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قەتئىي رەت قىلدى. لېكىن، كوسوۋولۇق ئالبانلارمۇ مۇستەقىللىقتىن باشقىغا ئۇنىمايتتى. شۇنداقلا، ب د ت نىڭ نازارىتى ئاستىدا، كوسوۋو مۇستەقىل دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك قۇرۇلمىنى بەرپا قىلىۋالغانىدى.

## ئۆز ئالدىغا جاكارلانغان مۇستەقىللىق

كوسوۋونىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا سۆھبەت 2005 ـ يىلى ب د ت نىڭ يېتەكچىلىكىدە باشلاندى. 2007 ـ يىلى ب د ت نىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى مارتى ئەختىسارى (Martti Ahtisaari) ئالبانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇشىغا ئاساس سالغان بىر لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمما مەزكۇر لايىھەدىمۇ كوسوۋوغا تولۇق مۇستەقىللىق بېرىش تەشەببۇس قىلىنمىغانىدى. كوسوۋو ئالبانلىرى بۇ لايىھەگە ناھايىتى ئىجابىي ئىنكاس قايتۇرغان بولسىمۇ، سېربىيە ھۆكۈمىتى قەتئىي رەت قىلدى. نەتىجىدە، سېربىيە بىلەن كوسوۋو

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا نەچچە ئاي داۋاملاشقان سۆھبەت كوسوۋونىڭ كەلگۈسى ئورنى مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى. 2008 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كوسوۋو ئۆز ئالدىغا سېربىيەدىن ئايرىلىشنى قارار قىلدى.

2008 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، كوسوۋو رەسمىي مۇستەقىللىق جاكارلىدى. كوسوۋونىڭ مۇستەقىللىقى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كۈچلۈك ئىتتىپاقدىشى رۇسىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن سېربىيە، شۇنداقلا كوسوۋودا ياشايدىغان سېربلار بۇ مۇستەقىللىقنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. شۇنداقلا، كوسوۋولۇق سېربلار ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ مەجلىسىنى تەشكىللەپ، كوسوۋونىڭ 6 ـ ئايدا يولغا قويۇلغان يېڭى ئاساسىي قانۇنىغا بىۋاستە جەڭ ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى سېربىيەنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كوسوۋونىڭ مۇستەقىللىق جاكارىنىڭ قانۇنلۇق ياكى ئەمەسلىكى مەسىلىسىنى خەلقئارا سوت مەھكىمىسىگە سۇندى. بۇ ئارىلىقتا، رۇسىيەنىڭ ئېتىرازى سەۋەبلىك، ب د ت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ كوسوۋودىن ئايرىلىشى كېچىكتى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا كوسوۋونىڭ نازارەت قىلىش ھوقۇقى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى شۇ يىلى 12 ـ ئايدا «Eulex» دەپ ئاتالغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كوسوۋوغا ئورۇنلاشتۇردى. ياۋروپادىكى بىر قاتار دۆلەتتىن كەلگەن 2000 دەك ئەمەلدارىدىن تەركىب تاپقان «Eulex» ئۆمىكى كوسوۋودىكى ساقچى، ئەدلىيە ۋە تاموژنا پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى.

2009 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن كوسوۋونىڭ دېموكراتىكلىشىش ۋەدىسىنىڭ راست ـ يالغانلىقى ئايرىلىدىغان تۇنجى سىناق دەپ قارالغان، كوسوۋو مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى سايلام ئۆتكۈزۈلدى. خەلقئارا كۆزەتكۈچىلەر «گەرچە كوسوۋودا قالغان سېربلارنىڭ نۇرغۇنى بۇ سايلامغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، شەھەر دەرىجىسىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ سايلام يەنىلا تىنچ ۋە ئومۇمەن ئادىل بولدى» دەپ بېكىتتى.

خەلقئارا سوت مەھكىمىسى 2010 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كوسوۋونىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى «خەلقئارالىق قانۇنغا خىلاپ ئەمەس» دەپ ھۆكۈم چىقاردى. نەتىجىدە، بۇ كوسوۋو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە «Eulex» ئۆمىكىنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى، شۇنداقلا كوسوۋو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى مۇستەقىللىق جاكارلىغان تېررىتورىيەدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى مۇستەھكەملەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ كوسوۋونى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشى مۆلچەرلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سېرب ئاز سانلىقلىرىنىڭ ئورنى يەنىلا مۇقىم بولمىدى، كوسوۋو ھۆكۈمىتى ئىبىر (Ibër) دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سېربلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان رايونلاردا ئۆز نوپۇزىنى تىكلەشتە داۋاملىق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. كوسوۋونىڭ ھېلىھەم ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى بولغان سېربىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، سېربىيەنىڭ 2010 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ماقۇللانغان، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ سېربىيە بىلەن كوسوۋو ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگۈچى بولۇشى تەشەببۇس

قىلىنغان ب د ت قارارىنى قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە، كوسوۋو بىلەن سېربىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نورماللىشىشىدا شۇنچىكى بولسىمۇ ئۈمىد تۇغۇلدى.

2015 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كوسوۋو بىلەن سېربىيە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇش جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىككى دۆلەت سۆھبەت ئارقىلىق ئېنېرگىيە ۋە تېلېگراف مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، كوسوۋو ئۆزىنىڭ «383+» دېگەن خەلقئارالىق تېلېفون دۆلەت نومۇرىغا ئېرىشتى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە كوسوۋودىكى سېربلارغا ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئاستىدا ئىمزالانغان مەزكۇر كېلىشىم (بولۇپ سېربلارغا ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلگەنلىكى) كوسوۋودا ناھايىتى قاتتىق ئېتىرازغا دۇچ كېلىپ، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا كوسوۋو ئۆكتىچى پارتىيەسىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى پارلامېنتتا ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئاتتى. شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا كوسوۋو ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلغان مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىتتىپاقلىشىش كېلىشىمى تۈزدى. گەرچە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرى كوسوۋونىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا رەسمىي ئەزا بولۇپ كىرىشنى ئويلىشىشتىن ئىلگىرى، قوشۇمچە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشى زۆرۈلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كوسوۋوغا تەخمىنەن 700 مىليون دوللارلىق تەرەققىيات ياردىمى بېرىلدى.

كوسوۋو ھېلىھەم دۆلەت قۇرۇش باسقۇچىدا بولۇپ، ھازىر ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتى ۋە ساقچى قىسىملىرى، پاسپورتى، بايرىقى ۋە دۆلەت شېئىرى بار.

ئۇ نۆۋەتتە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ۋە دۇنيا بانكىسىنىڭ ئەزاسى، ئەمما ئۇ ھازىرغىچە پەقەت ب د ت غا ئەزا 193 دۆلەت ئىچىدە، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 98 دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى.

ئىسپانىيە، گرۇزىيە ۋە خىتاي قاتارلىق ب د ت غا ئەزا باشقا 95 دۆلەتنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز دۆلىتىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى كۈرۈكلەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، كوسوۋونىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلماي كەلمەكتە. شۇڭا كوسوۋو تېخىچە ب د ت غا ئەزا بولۇشتا زۆرۈر بولغان كۆپ سانلىقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

پايدىلانغان ئاساسلىق مەنبە:

https://www.britannica.com/place/Kosovo/History

www.uyghurkitap.com



# ئەخمەتجان مۇمىن تارىمى

# ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى

ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى تارىخ ساھەسىدە ئىجتىھاد بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان تارىخ تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا ئائىت بىر قىسىم ماقالە، ئەسەر ۋە تەرجىمىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»دا خىزمەت قىلغان. نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارىخ تەتقىقاتى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان. خىتاينىڭ ئۇيغۇر سىرخىللىرىنى باستۇرۇش ھەرىكىتى نەتىجىسىدە 2018-يىلى تۇتقۇن قىلىنغان.

ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى يۈزلىگەن سىرخىل ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قاتارىدا ناھەق قولغا ئېلىنغان ئۈچ يىلچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، قانداق جىنايەت بىلەن تۆھمەت قىلىنغانلىقى، بېشىغا نېمە كۈنلەرنىڭ كەلگەنلىكى جەھەتلەردە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

ئەخمەتجان مۆمىن تارىمى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەممىگە تونۇشلۇق زىيالىيلاردىن بىرى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار ۋە تارىخ ھەۋەسكارلىرىغا تونۇشلۇق كەسىپ ئىگىسىدۇر.

ئەخمەتجان مۆمىن تارىمنى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ساداقىتى، ئۇيغۇر تارىخىغا بولغان سۆيگۈسى، ناھەقچىلىك، رەزىللىك ۋە كۆز بويامچىلىقلارغا قارشى نەپرىتى، ھەقنى پۈلغا، ھوقۇق-مەنسەپكە ساتماسلىقتەك كىشىلىك پەزىلەتلىرىدىن خەۋەردار.

ئەخمەتجان مۆمىن تارىمنىڭ «ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىدىن بايان» ناملىق ئەسىرى بار. ئۇ يەنە تارىخ ساھەسىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ، ليۇشىگەن يازغان «تۈرك قاغانلىقى تارىخى» ناملىق ئەسەرنى خىتايچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. (كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ بەت سانى 294 بەت) تيەنيا يۈزى يازغان «يىراق قىرلار» ناملىق تارىخىي ئېكسپېدىتسىيە ئەسىرىنى خىتايچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. (كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى 179-بەت.) ماداجېڭنىڭ «بەربات بولغان شەرقىي تۈركىستان چۈشى» ناملىق ئەسىرىنى خىتايچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

مسلىسىز ئۆيغىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

NEWLINES INSTITUTE
FOR STRATEGY AND POLICY

# THE UYGH
# GENOCIDE

## Examination of China's
## the 1948 Genocide Conve

# ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

# ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

(بېشى ئالدىنقىساندا)

## 2. ۋەيران قىلىش ھەرىكىتى

ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان ھەرىكەتنىڭ مۇددىئاسى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇلارنىڭ نەسەبىنى ۋەيران قىلىش، يىلتىزىنى قومۇرۇش، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە كېلىپ چىقىشىنى بۇزۇش» دېگەن كۆرسەتمىسى بىلەن تېخىمۇ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

### كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش: «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتى

2013 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ «11 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى»دە پۈتۈن رايون مىقياسىدىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش پائالىيىتى ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى ئاساس سېلىندى. ھۆججەتتە «يۇقۇملانغان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى» دېگەن ئىبارە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «قاتتىق زەربە بېرىدىغان قول چوقۇم قاتتىق بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا مائارىپ يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلەيدىغان قولمۇ قاتتىق بولۇشى كېرەك» دەپ تەكىتلەنگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتىدا «مېڭىنى پاكىز يۇيۇش» ئىبارىسى كۆپ قېتىم تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەسۋىرلەشتە ئىشلىتىلگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم بىر ناھىيەلىك ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ 2017 ـ يىللىق دوكلاتىدا قايتا تەربىيەلەشتە «مېڭىنى يۇيۇپ، قەلبىنى تازىلاش» (清脑净心) كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ، جۈملىدىن خىتاي جەمئىيىتىگە، ھەتتا خىتاي كومپارتىيەسىگە راۋۇرۇس سىڭىشىپ كەتكەن ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە قاتلىمىدىكىلەرنىڭمۇ سىستېمىلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىنى «مائارىپ ۋە تەربىيەلەش»نى ياكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىشان قىلغاندەك كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى خاتا ئۇچۇر تەشۋىقاتىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ بەردى.

2017 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، خىتاي دائىرىلىرى «ئىككى يۈزلىمىچى» ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ۋە كادىرلىرىنى «تازىلاش» مەقسىتىدە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى، نەتىجىدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتكە «سادىق» كىشىلەرمۇ جىنايەتچى سانالدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئىلگىرى «ئاز سانلىق مىللەتلەر» بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتى ياكى خىتاي ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ماختالغانىدى. 2016 ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر يوقاپ كەتكەن ياكى تۈرمىگە تاشلانغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى 450 كە يەتكەن بولۇپ، بۇ سان بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى، تىببىي تەتقىقاتچىلار، دوختۇرلار، ژۇرنالىستلار، مۇھەررىرلەر، نەشرىياتچىلار، داڭلىق سەنئەتكارلار، شائىرلار، تىلشۇناسلار، كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىرى قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇر كۈلتۈرى ۋە كىملىكىنى قوغدايدىغان مەزكۇر كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى رەسمىي، ھەتتا تېخىمۇ قاتتىق قاماق جازاسىغا، ھەتتا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. بۇ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن باشلامچى ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان سىياسىتىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

## كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش لايىھەسى («تېلېگرامما»)

2017 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورگان ــ سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، شۇ ۋاقىتتىكى خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىخەتەرلىك ئەمەلدارى جۇ خەيلۇننىڭ تەستىقى بىلەن كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش سىستېمىسىنىڭ باش پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەشغۇلات قوللانمىسى ياكى تېلېگرامما تارقاتتى. مەزكۇر تېلېگراممىدا يەنە لاگېرلارنى كېڭەيتىش ۋە يۈرۈشتۈرۈشكە ئالاقىدار تەپسىلىي كۆرسەتمىلەرمۇ بار ئىدى. تېلېگراممىدا بارلىق ۋىلايەتلەرگە «ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يېڭىلىنىشىنى تېزلىتىش، بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش» ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىلگەن. ئىچكى باشقۇرۇش جەھەتتە، تېلېگراممىدا مەھبۇسلارنى قاتتىق كونترول قىلىش، جۈملىدىن 24 سائەت ئۈزلۈكسىز قاراۋۇل تۇرغۇزۇش، «ياتاقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك كامېرالىق نازارەت قىلىش»، ساقچىلاردىن «مەھبۇسلارنىڭ قېچىپ كېتىش ئەھۋاللىرىنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقى» تەلەپ قىلىنغان. تېلېگراممىدا ئەمەلدارلار «ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم يۇيۇنۇش»تىن تارتىپ «ئورنىدىن تۇرۇش، يوقلىما قىلىش،

يۈز ـ كۆزنى يۇيۇش، ھاجەتخانىغا كىرىش، تەشكىللەش ۋە ياتاق ئىچىنى رەتلەش، تاماق يېيىش، ئۆگىنىش، ئۇخلاش، ئىشكنى تاقاش قاتارلىقلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر»گە قەدەر كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى باشقۇرىدىغان قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قارىتا «ئىنتىزام ۋە جازا»نى كۈچەيتىشكە بۇيرۇلغان. «سەلبىي پوزىتسىيە، ھەتتا قارشىلىق ھېسسىياتى» بار تۇتقۇنلارنىڭ «مائارىپ ئارقىلىق ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىش» بىلەن جازالىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. تېلېگراممىدا يەنە «تۇتقۇنلارنىڭ ئۆز ئۆتمۈشىنىڭ قانۇنسىز، جىنايى ۋە خەتەرلىك ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن تۆۋا قىلىشى ۋە ئىقرار قىلىشى»نى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش رىغبەتلەندۈرۈلگەن. لاگېردىكى خىزمەتچىلەرمۇ يېقىندىن كۆزىتىلىدىغان بولۇپ، تېلېگراممىنىڭ بىر بۆلىكىدە «قاتتىق مەخپىيەتلىك» ساقلاش ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، بارلىق «يانفون ۋە كامېرا»لارنى «باشقۇرۇش رايونى»غا ئېلىپ كىرىش چەكلەنگەن. تېلېگراممىدا يەنە خىزمەتچىلەرنى مۇھىم سانلىق مەلۇماتلارنىڭ، شۇنداقلا «تارقىتىلمايدىغان» ۋە «ئاممىغا ئېچىۋېتىلمىگەن» ستاتىستىكىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش جەھەتتە تەربىيەلەشكە ئالاقىدار بۇيرۇقمۇ بار.

### «تۇغۇت چەكلەش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ قىلمىشلارنى تىزگىنلەش ئالاھىدە ھەرىكىتى»

2016 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، خىتاينىڭ بىر تۈركۈم «ئىلمىي» نەشر بۇيۇملىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «سۈپەتلىك تۇغۇت» (Eugenics ـــ سۈپەتلىك تۇغۇت نەزەرىيەسى: ئاتالمىش گېنى ئېسىل بىر قىسىم كىشىلەرنىڭلا پەرزەنتلىك بولۇشىغا يول قويۇش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى سەرخىللاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سەپسەتە، ت) پروگراممىلىرىنى يوللۇقلاشتۇردى. مەزكۇر پروگراممىلاردا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى «دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالدى ۋە <جۇڭخۇا مىللىتى>نىڭ ساپلىقىنى سۇسلاشتۇردى» دېيىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا كەڭ كۆلەمدە چەك قويۇلغانۇە بۇ ئېشىش نىسبىتى «دىنىي ئاشقۇن»لۇققا باغلانغاندى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مەلۇم بىر ناھىيەلىك پارتكوم ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، 2017 ـ يىلى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۆزىمىزنىڭ گۆش ۋە قېنىمىزغا ئايلاندۇرايلى» دېگەن يازما ئارقىلىق خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان.

2018 ـ يىلى، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت ـ ئوبلاستتا پىلانلىق تۇغۇت ـ ئائىلىلەرنىڭ تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى» ناملىق ئېلېكترونلۇق جەدۋەلنى تارقىتىشقا باشلىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ناھىيە ۋە يېزا ـ بازارلارغا قارىتىلغان بۇ جەھەتتىكى بۇيرۇقلار 2018 ـ ۋە 2019 ـ يىللىرى تارقىتىلغان بولۇپ، مەزكۇر بۇيرۇقلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمەلدارلار: «قانۇنسىز تۇغۇتنى چەكلەپ، تۇغۇش نىسبىتى تۆۋەنلىتىش»، «خىرە نۇقتا قالدۇرماسلىق»، «تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈش» ھەمدە «سىياسەتكە خىلاپلىق قىلغانلارنى ئىمكانقەدەر بالدۇر بايقاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش» قاتارلىقلارغا بۇيرۇلغان.

2018 ـ يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندا بىر بۇيرۇق ئېلان قىلغان:

«كەڭ دېھقان ـ چارۋىچى ئاممىنى ئۆزلۈكىدىن تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسىنى ھەقسىز يولغا قويۇش، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش ۋە نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك».

شەرقىي تۈركىستاندىكى سەھىيە كومىتېتىنىڭ بىر تۈرى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆت رايوننىڭ ھەممىسىدە «ھەقسىز تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى» قىلدۇرۇش «شارائىتى» بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، مەزكۇر تۈر ئارقىلىق 2020 ـ يىلدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنى 2016 ـ يىلدىكى سەۋىيىدىن كەم دېگەندە تۆت پېرسەنت (مىڭدە تۆت) تۆۋەنلىتىش مەقسەت قىلىنغان.

2019 ـ يىلى، شەرقىي تۈركىستاندىكى سەھىيە كومىتېتى جەنۇبتىكى تۆت ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى يېزىلاردىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ سەكسەن پىرسەنتتىن كۆپرەكىگە قارىتا «ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۈنۈمگە ئىگە تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى» قوللىنىشنى پىلانلىغان، بۇ (يەنى «ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۈنۈمگە ئىگە تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى») بالىياتقۇ ئىچىگە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابى سېلىش (IUD) ياكى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسىنى كۆرسىتەتتى. پىلانلىق تۇغۇت ھۆججەتلىرىگە كۆرە، بىر قاتار ناھىيەلەر بىردەك ھالدا «ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۈنۈمگە ئىگە ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش (دورىسى) ئوكۇلى» بىلەن تەمىنلىگەن. 2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، خىتاينىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى «ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىدىيەسى ئازاد قىلىندى، جىنسىي باراۋەرلىك ۋە كۆپىيىش ساغلاملىقى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئۇلار >بالا تۇغۇش ماشىنىسى<لىق قىسمىتىدىن قۇتۇلدى» دېيىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى نىشان قىلغان سىستېمىلىق تۇغۇت چەكلەش ھەرىكىتىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ئېتىراپ قىلدى. خىتاي بىرلا ۋاقىتتا سىستېمىلىق ئىككى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئەرلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنى چەكلىدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ گورۇپپىنى بىئولوگىيىلىك جەھەتتە يوقىتىش غەرىزىنى ئىپادىلىدى.

**ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي باغلىنىشىنى، مۇقەددەس ئورۇنلىرىنى ۋە كىملىكىنى ۋەيران قىلىش**

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي باغلىنىشىنى، مۇقەددەس جايلىرىنى ۋەيران قىلىش، شۇنداقلا دىن، ئەنئەنە، كۇلتۇر ۋە تىلىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىشىنى توسۇش جەھەتتە مۇرەككەپ پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك تۈزۈمى ۋە ئۇيغۇر بالىلىرىنى دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى يېتىمخانىلارغا مەجبۇرىي سولىۋېلىش ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي باغلىنىشىنى ۋەيران قىلىپ، بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم رىشتىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. 2017 ـ يىللىق ھۆكۈمەت پىلان ھۆججىتىگە كۆرە، ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىپ، مەجبۇرىي ھالدا ياتاقلىق مەكتەپلەرگە سولىۋېلىش سىياسىتى ھەم بالىلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇشنى، ھەم «ئائىلىدىكى دىنىي كەيپىياتنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرىنى يوقىتىش»نى مەقسەت قىلغان. ئۇيغۇر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى دەرسلىكلەر توغرىسىدىكى تەھلىل ئۇيغۇر كۇلتۇرى، دىنى، تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ باشلانغۇچ ماتېرىيالدىن چىقىرىپ تاشلانغانلىقىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ دەلىللىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى «قوش تىل ماتېرىيالى»نىڭ ئورنىغا تامامەن «دۆلەت تىلى ماتېرىيالى» ياكى خىتايچە ماتېرىيالنى دەسسىتىپ، كېيىنكى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنى ئۆز تىلىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لاگېردىكى قۇرامىغا يەتكەن مەھبۇسلار ئۇيغۇرچە سۆزلىگەنلىكى ياكى خىتايچە سۆزلىيەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك، قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىندى ۋە ئىنسانىيلىقتا زىت مۇئامىلىگە ئۇچرىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلتۇرەل ۋە دىنىي ئورۇنلىرىغا، ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە سىمۋوللىرىغا سىستېمىلىق ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھۇجۇملار خەلقئارا سوت تەرىپىدىن «بۇ گۇرۇپپىنى جىسمانى جەھەتتىن يوقىتىش نىيىتىنىڭ ئىسپاتى» دەپ قارالدى. 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خىتاي مەركىزىي مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى «مەسچىتنى تۈزەش» پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، رايوندىكى مەسچىتلەرنى ۋە مۇقەددەس كۇلتۇرەل جايلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى. خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى چېن چۈەنگو ھۆكۈمەتكە «دىن ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن دىنىي سورۇنلارنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش» بۇيرۇقى چۈشۈردى. مۆلچەرلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا تەخمىنەن 16000 مەسچىت ياكى ئومۇمىي مەسچىتنىڭ 65 پىرسەنتى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى سەۋەبىدىن ۋەيران قىلىنغان ياكى بۇزۇلغان. بولۇپمۇ، 2017 ـ يىلىدىن بۇيان، 8500 مەسچىت پۈتۈنلەي چېقىۋېتىلگەن. 2016 ـ يىلى 12 ـ ئايدىلا، قەشقەردىكى مىللىي ۋە دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىڭفۇ «شەھەردىكى يەتمىش پىرسەنتكە يېقىن مەسچىتنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكى»نى دەلىللىگەنىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھېلىھەم بۇزۇلماي ئۆز

پىتى قالغان بىر تۈركۈم مەسچىتلەر قەھۋەخانا دىگەندەك سودا ياكى ئاممۇى پائالىيەت ئورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلدى. شەخسىي دىنىي مەكتەپلەرمۇ ۋەيران قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ رايوندىكى ئىبادەتخانا، قەبرىستانلىق ۋە مازار قاتارلىق مۇھىم دىنىي - كۇلتۇرەل ئورۇنلارنىڭ تەخمىنەن 58 پىرسەنتى بۇزۇلغان ياكى پۈتۈنلەي چېقىۋېتىلگەن.

2018 - يىلىنىڭ بېشىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى بۇ بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرىنى ئاممۇى، خۇسۇسىي ئۇيغۇر ماكانلىرىغا، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە ۋە مەھەللىلىرىگە كېڭەيتتى ۋە «يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش، يېڭى كەيپىيات شەكىللەندۇرۇش ۋە يېڭى تەرتىپ بەرپا قىلىش»تىن ئىبارەت «ئۈچ يېڭى» پائالىيىتىنى يولغا قويدى.

مەزكۇر «ئۈچ يېڭى» پائالىيىتى «قالاق» ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىقىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان «ماكاننى گۈزەللەشتۈرۈش» پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ۋە مۇقەددەس ھاياتىنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغان ئىككى ئائىلىۋى ئالاھىدىلىكنى، يەنى «سۇپا» بىلەن ۋە مەككە تەرەپكە قارايدىغان «مېھراب»لارنى يوقىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. خىتاي دائىرىلىرى — مەلۇم بىر شۆبە پارتىيە سېكرېتارىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا — «مەدەنىي (خىتايچە) تۇرمۇش ئۇسۇلى»غا زىت بولغان بارلىق سۇپىلارنى «چېقىۋېتىش»كە چاقىرىق قىلدى. مەلۇم بىر ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلارغا سۇپىلارنى «كۆكۈم - تالقان» قىلىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. دائىرىلەر كەم دېگەندە (ئىلى، قەشقەر ۋە خوتەندىن ئىبارەت) ئۈچ ۋىلايەتتە مېھرابلارنى يوقىتىش ياكى مېھرابلىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئۆيلەرنى چېقىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ۋەيران قىلىنغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن مۇقەددەس جايلارغا ۋە ئائىلە ئالاھىدىلىكلىرىگە باغلانغان ئادەتلەر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دىنىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر كىملىكى، كۇلتۇرى، ئىجتىمائىي باغلىنىشى، شۇنداقلا زېمىن (يەنى شەرقىي تۈركىستان) بىلەن بولغان باغلىنىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرى ھېسابلىنىدۇ.

2. پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا، تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەرقانداق بىرىنى سادىر قىلىش

خەلقئارا سوت مەھكىمىسى «پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن»نى «مۇئەييەن بىر گۇرۇپپىنىڭ ماھىيەتلىك بىر قىسمىنى» يوقىتىش نىيىتى دەپ تەبىرلىگەن. بۇ «بىر توپنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشنى مەقسەت قىلىش»نى تەقەززا قىلمايدۇ. خەلقئارا سوت مەھكىمىسى «ماھىيەتلىك بىر قىسمى» تەلىپىنى «جۇغراپىيىلىك چەكلىك رايون ئىچىدە» قاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنىڭ «كەڭ ئېتىراپ

قىلىنغان»لىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ سوئالغا قارىتا، «جىنايەتچىنىڭ پائالىيىتى ۋە كونتروللىنىڭ دائىرىسى نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك».

ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى مەزكۇر جۇغراپىيەلىك رايوننى «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلىدۇ. خىتاي دائىرىلىرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»دىكى نوپۇس زىچ ئولتۇراقلاشقان، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان رايونلاردا تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى قۇردى ۋە كېڭەيتتى. ھالبۇكى، بۇ ھەرىكەت جۇغراپىيەلىك ياكى مەمۇرىي رايون بىلەن چەكلەنمەيدۇ. چۈنكى «پارتىيەنىڭ زەربە بېرىش كومىتېتى»نىڭ بىر ھۆججىتىدە ئەمەلدارلار چەتئەللەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى ئۆز يۇرتى بويىچە تۈرگە ئايرىشقا بۇيرۇلغان ۋە «ھېلىھەم دۆلەت (خىتاي) سىرتىدا ياشاۋاتقان، تېرورلۇق گۇماندارلىقىنى چەتكە قاقىلى بولمايدىغان كىشىلەرنى خىتايغا قايتىپ كەلگەن ھامان دەرھال مەركەزلىك ھالدا تەربىيەلەش» كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن.

ئىگىلىنىشىچە، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە (2017 ـ 2018)، ھەرقايسى رايونلارغا (قانچىلىك ئادەمنى تۇتقۇن قىلىش توغرىسىدا) نورما بېكىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، نىشانلانغان سانلار ئاللىبۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ «ماھىيەتلىك بىر قىسمى»نى تەشكىل قىلغانىدى. 2017 ـ يىلى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم رايونلاردا ساقچىلار قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ تەخمىنەن قىرىق پىرسەنتىنى تۇتقۇن قىلىشقا بۇيرۇلغان. نۆۋەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك، يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلەر مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى نىشانلىغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ماھىيەتلىك بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

خەلقئارا سوت مەھكىمىسى «ماھىيەتلىك بىر قىسمى» تەلىپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ، «نىشان قىلىنغان بۆلەكنىڭ پۈتكۈل گۇرۇپپىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان دەرىجىدە مۇھىم بولۇشى كېرەكلىكى»نى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ نىشانلانغان قىسمىنىڭ ئەھمىيىتى ياكى گەۋدىلىك ئورنىنى، ھەمدە «بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئاشۇ مۇئەييەن بىر قىسمىنىڭ ئومۇمىي گۇرۇپپا ئۈچۈن سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى، ياكى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا زۆرۈر ياكى ئەمەسلىكىنى» ئويلىشىش كېرەك. ھۆكۈمەت مەنبەلىرىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇر يولباشچىلار ۋە نوپۇزلۇق شەخسلەر مەيلى كۆلەم ياكى نىسبەت جەھەتتە بولسۇن، نۇقتىلىق ھالدا تۇتقۇن قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلتۈرەل يولباشچىلىرى تۇتقۇندا مەۋھۇم ئۆلۈم جازاسى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ئىمامالار يوقىتىلىشى كېرەك بولغان «مەسىلە» سۈپىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى ۋە ئۇلارغا ئېغىر قاماق جازاسى بېرىلدى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئوتتۇرا ياشلىقلارنى، بولۇپمۇ ئائىلە باشلىقلىرىنى تۇتقۇن قىلىدىغان سىستېمىلىق ئىستراتېگىيە مەۋجۇت. «قاراقاش تىزىملىكى» يەنە دىنىي زاتلارنىڭ ئالاھىدە نىشانلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خەلقئارا قانۇنشۇناسلىققا كۆرە، «بىر جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى

www.uyghurkitap.com

قاتاردىكى ئەربابلىرىنى نۇقتىلىق نىشانلاش» ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالاھىدە ئىسپاتى ۋە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق غەرىزىنىڭ ئالامىتى»دۇر.

## ئالتىنچى، دۆلەت مەسئۇلىيىتى: قىلمىشلارنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى خۇلاسىلەش

بۇ دوكلاتتا تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغان كىشىلەر ۋە ئورۇنلار يا خىتاي قانۇنلىرىغا ئاساسەن، خىتاينىڭ قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە، قانۇن ئىجرا قىلىش، مەمۇرىي ۋە باشقا تارماقلىرىدا ھەرىكەت قىلىدىغان دۆلەت ئورگىنى، يا دۆلەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان باشقا ئۇنسۇرلاردۇر. 2014 ـ يىلى، شى جىنپىڭ بىر قاتار ئىچكى نۇتۇقلارنى سۆزلەپ، رايوندىكى ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سىياسەت، قانۇن ۋە قىلمىشلارغا ئاساس سالدى. شى جىنپىڭ بۇ نۇتۇقلىرىدا «تېررورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»نى قوزغاپ، «دىكتاتۇرا»نىڭ «قوراللىرى»نى ئىشقا سالدى، ئەمەلدارلارنى «قەتئىي رەھىم قىلماسلىق»قا چاقىردى ۋە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ توقسان پىرسەنتى جايلاشقان شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىنى ھۇجۇمنىڭ ئالدىنقى سېپى قىلىپ بېكىتتى. 2014 ـ يىلى، شى جىنپىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنى ئېچىپ، رايون ئۈچۈن يېڭى سىياسەت بېكىتتى. يىغىندا، شى جىنپىڭ «سېپىل» سوقۇشقا ۋە «يەر يۈزىدىن ئاسمانغىچە تور» تارتىشقا چاقىردى. شۇنداقلا، ئۇيغۇرلارنى خىتايلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا يۆتكەش ۋە «بۇ كىشىلەر»نى ئىزچىل ھالدا «تەربىيەلەش ۋە ئۆزگەرتىش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆزىتىلىشى، تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك سېلىنىشىنىڭ مەنبەسىدۇر. 2014 ـ يىلى، شى جىنپىڭ يەنە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مەزكۇر يىغىندا خىتاي رەھبەرلىرى خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياستىنى رەسمىي يولغا قويدى. ھۆكۈمەتنىڭ خىتاي كادىرلىرىنى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يېتىپ قوپۇشقا بۇيرۇغان مۇناسىۋەتلىك پىلانلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى ۋە مىللىي ـ دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل ئورگان بولغان «بىرلىكسەپ بۆلۈمى» قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ رەسمىي تەربىيەلەش قوللانمىسى، تەشۋىقاتلىرى ۋە يوليورۇقلىرىدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە بالىياتقۇ ئىچىگە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەرىكىتى بولسا شەرقىي تۈركىستاندىكى سەھىيە كومىتېتى تەرىپىدىن رايوندىكى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ۋە «تۇغۇت چەكلەش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ قىلمىشلارنى تىزگىنلەش ئالاھىدە ھەرىكىتى»نىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بىنائەن رەسمىي سالاھىيەتتە ئېلىپ بېرىلغان.

2016 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، چېن چۈەنگو خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ تەيىنلەندى ۋە بۇ يەردە «خەلق ئۇرۇشى»نى تېخىمۇ ئەۋجگە چىقىرىپ، رايوندىكى

بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنى كەڭ كۆلەمدە زورايتىپ، شى جىنپىڭنىڭ نۇتۇقلىرىنى تارقىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان پائالىيەتلەرنى يوللۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى ھەمدە ئەمەلدارلارنى «يىغىۋېلىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىش»قا بۇيرۇدى. 2017 ـ يىلى، شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلق قۇرۇلتىيى يېڭى «ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش نىزامنامىسى»نى ماقۇللاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشى ئۈچۈن قانۇنىي ئاساس ھازىرلىدى. 2017 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋە بىرىنچى نومۇرلۇق بىخەتەرلىك ئەمەلدارى جۇ خەيلۇن چېن چۈەنگو ۋە شى جىنپىڭنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا «ئۇلار مەۋجۇتلا بولىدىكەن، چوقۇم تۇتقۇن قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. 2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، خىتاي كومپارتىيەسى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مىڭلىغان لاگېر مەھبۇسلىرىنى قويۇپ بەرگەن بىر ئەمەلدارنىڭ «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەسىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىقى»نى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئىچكى ھۆكۈمەت دوكلاتىدا ئۇنى «يىغىۋېلىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىش»قا ئۇنىمىغان، دەپ ئەيىبلىدى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 2020 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى يىغىنىدا، شى جىنپىڭ بۇ سىياسەت، ئەمەلىيەت ۋە تەشۋىقاتلارنىڭ داۋاملىشىشىنى قەتئىيلىك بىلەن قوللاپ، شۇنداق دېدى: بۇلارنى چوقۇم «ئۇزۇن مۇددەت قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك»، «ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەسى پۈتۈنلەي توغرا... ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدا پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋەزىيىتى ئوتتۇرىغا چىقماقتا ... پاكىتلار ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى يېتەرلىك ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدۇ».

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغان كىشىلەر ۋە ئورۇنلار خىتاي قانۇنى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە باشقا فۇنكسىيەلىرىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان دۆلەت ئورگانلىرى ياكى شۇلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرىدۇر، ئۇلارغا دۆلەت قانۇنى ئارقىلىق ھوقۇق بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ ھەمدە شۇلارنىڭ بىۋاسىتە ۋە ئۈنۈملۈك كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ 2 ـ ماددىسىغا كۆرە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ جاۋابكارلىقى چوقۇم خىتاي دۆلىتىگە ئارتىلىشى كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، كۈچلۈك بىر پارتىيەلىك دۆلەت ئىچىدە تەكرار ـ تەكرار يۈز بەرگەن، ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆلىمى ۋە سانى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالماي، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىگە ئىچكىرىلەپ خىلاپلىق قىلغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى، خۇلاسە

بۇ دوكلاتتا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىدە دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتى بار ـ يوقلۇقى، بولۇپمۇ خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە كۆرە ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان ـ بارمىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىي سوئال مۇھاكىمە قىلىندى. ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماددىلىرىنى بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن زور مىقداردىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارغا تەدبىقلىغاندىن كېيىن، مەزكۇر دوكلات ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق ئىسپات ئۆلچىمىگە ئاساسەن، خىتاينىڭ ئەھدىنامىنىڭ 2 ـ ماددىسىدىكى ھەربىر تارماقتا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى خۇلاسىلەپ چىقتى. مەزكۇر ماددىدا كۆرسىتىلگەن ھەر قانداق ھەرىكەت «قوغدىلىدىغان گۇرۇپپىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش نىيىتى» بىلەن قىلىنغاندا، 2 ـ ماددىغا كۆرە بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ نىيەتنىڭ نىشانى بۇ گۇرۇپپىنىڭ بىر گەۋدە سۈپىتىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىشتۇر. ئەھدىنامە تەلەپ قىلغان مەقسەت رەسمىي بايان، سىياسەت، ئومۇمىي پىلان، ھەرىكەت ئەندىزىسى ۋە لوگىكىلىق تەرتىپكە ئىگە قايتا ـ قايتا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوبيېكتىپ ئۆلچەملەر ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، خىتاي دۆلەت رەھبىرى شى جىنپىڭ ئاشقۇنلۇقنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يىلتىز تارتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ رايوندا « تېررورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى» قوزغاپ، ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى قىلدى. خەۋەر قىلىنىشىچە، لاگېر قاراۋۇللىرىغا «قازاقلار، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر يوقالمىغۇچە ... بارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر يوقىتىلمىغۇچە» بۇ سىستېمىنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار «يىغىۋېلىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىش»، «ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىش... ئۇلارنىڭ يىلتىزى ۋە شاخلىرىنى ۋەيران قىلىش» ۋە «ئۇلارنىڭ نەسەبىنى بۇزۇش، يىلتىزىنى قۇرۇتۇش، مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش ۋە كېلىپ چىقىشىنى بۇزۇش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمەلدارلار كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى «ئۆسمىنى يوقىتىش»قا، ھەتتا زىرائەتلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا ئوخشىتىپ، بۇنىڭدا «ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن خىمىيىلىك دورا پۈركۈش كېرەكلىكى»نى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

خىتاي بىرلا ۋاقىتتا سىستېمىلىق ئىككى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئەرلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنى چەكلىدى. خىتاينىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ «ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىدىيەسى ئازاد

قىلىندى، جىنسىي باراۋەرلىك ۋە كۆپىيىش ساغلاملىقى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئۇلار <بالا تۇغۇش ماشىنىسى>لىق قىسمىتىدىن قۇتۇلدى» دېيىشى بىلەن، خىتاي «ئۇيغۇر ئاياللىرى»نىڭ خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى «ئاشقۇنلۇق»قا قارشى مۇجادىلىگە باغلانغان تۇغۇت چەكلەش ھەرىكىتىنىڭ نىشانلىرى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى.

ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش غەرىزى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكى، جەمئىيىتى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى يوقىتىش ۋە ئۇيغۇر باللىرىنى دۆلەت قارمىقىدىكى يېتىمخانىلارغا بەند قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئومۇمىيۈزلۈك سىياسەت ۋە پروگراممىلىرىدا تېخىمۇ بەك گەۋدىلەندى. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر خىتاي دائىرىلىرىنىڭ مەزكۇر ھەرىكەتلىرىگە ئاۋاز قوشۇپ، ئۇيغۇر مائارىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر بىناكارلىقى ۋە ئائىلە ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋەيران قىلدى. مەسچىتلەرنى ۋە مۇقەددەس ئورۇنلارنى بۇزدى ياكى پۈتۈنلەي چېقىۋەتتى. چېقىلماي قالغانلىرىنى تاقىدى ياكى تىجارەت سورۇنلىرىغا ئايلاندۇردى، ھەمدە ئۇيغۇر كىملىكى ۋە ئىجتىمائىي باغلىنىشىنىڭ مۇھىم ئېلېمېنتلىرىنى ۋەيران قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى، نوپۇزلۇق شەخسلەر، ئەنئەنىۋى ۋە كەسپىي سەرخىللار ۋە كۈلتۈرەل يولباشچىلار قاتارلىق ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ۋە تارقاتقۇچىلىرىنى ئۇلارنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتى بارلىقى ياكى مەدەنىيەت سەۋىيەسى دىگەنلەرنى نەزەردە تۇتماستىن، قەستەن ئۇزۇن مۇددەت تۇتقۇن قىلىشى ياكى ئۆلتۈرۈشى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش غەرىزىنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. خىتاينىڭ بۇ رايوندىكى سىياستى ۋە قىلمىشلىرىغا چوقۇم ئومۇمىي جەھەتتىن قاراش كېرەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش غەرىزى بارلىقى ئېنىق.

كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى داۋامىدا، مەشھۇر ئۇيغۇر يولباشچىلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر مەۋجۇت. مەزكۇر داڭدار شەخسلەر نۇقتىلىق ھالدا ئۆلۈم جازاسىغا ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشانغانلار 15 ~ 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. مەزكۇر رايوندا ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش داۋامىدا كۆرۈلگەن، دۆلەت تەستىقلىغان بۇ ئۆلۈملەر 2 - ماددىنىڭ (a) تارماقچىسىدىكى «گۇرۇپپا ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش» بىلەن باراۋەردۇر.

ئۇيغۇرلار لاگېرنىڭ ئىچى - سىرتىدا باسقۇنچىلىق، جىنسىي پاراكەندىچىلىك ۋە ئوچۇق - ئاشكارە ھاقارەتلىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېمىلىق قىيىن - قىستاقىقا، رەھىمسىز، ئىنسانىيلىقىقا زىت، خارلىغۇچى مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتىدۇ. كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، دۆلەت قارمىقىدىكى يېتىمخانىلار ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مېڭە يۇيۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىنىش تەھدىتى ياكى كۆندىلىك چېكىدىن ئاشقان جىسمانىي ۋە پسىخولوگىيىلىك قىيناش سەۋەبلىك ئۆلۈۋېلىشقا قىستىغان. شۇڭا خىتاي 2 - ماددىنىڭ (b) تارمىقىدا كۆرسىتىلگەن «گۇرۇپپا ئەزالىرىغا جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش» قىلمىشى ئۈچۈن جاۋابكار ھېسابلىنىدۇ.

خىتاي دائىرىلىرى سىستېمىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنى، بولۇپمۇ تۇغۇت يېشىدىكى ئەرلەرنى، ئائىلە باشلىقلىرىنى ۋە مەھەللە ئاقساقاللىرىنى ياشاشقا ماس كەلمەيدىغان شارائىتتا تۇتۇپ تۇرۇش بىلەن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتا تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى ۋە ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي جىسمانىي ئەمگەككە سالدى. يىغىپ ئېيتقاندا، خىتاي ئىككىنچى ماددىنىڭ (c) تارمىقىدا كۆرسىتىلگەندەك، «شۇ گۇرۇپپىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ۋەيران قىلىدۇ، دەپ قارىلىدىغان دەرىجىدە قەستەن زىيان سالدى».

خىتاي ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تۇغۇت يېشىدىكى بارلىق ئاياللارغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە تۇغماس قىلىۋېتىش، ھامىلە چۈشۈرۈش ۋە بالىياتقۇ ئىچىگە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابى سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان، دۆلەت مەبلەغ ئاجراتقان تۇغۇت چەكلەش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويماقتا. نوقۇل 2019 ـ يىلىلا، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ كەم دېگەندە 80 پىرسەنتى ئۈچۈن تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىشنى ياكى بالىياتقۇسىغا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابى سېلىشنى پىلانلىغان. جازا لاگېرلىرىدا، ئۇيغۇر ئايال مەھبۇسلىرىغا مەجبۇرىي ھالدا بالىياتقۇغا سېلىنىدىغان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابى (IUD) سېلىنغان، بالىسى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ئۇلارغا يەنە ھەيز توختىتىش ئۈچۈن ئوكۇل ئۇرۇلغان ۋە دورا يېگۈزۈلگەن. مەزكۇر كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى سەھىيە كومىتېتىنىڭ تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇرلارنى نۇقتىلىق نىشانلىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەش ھەرىكىتى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلغان. ئۆزئارا باغلىنىشلىق بۇ سىياسەتلەرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، ھۆكۈمەت ستاتىستىكىسى ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ نۆلگە يېقىنلاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭلاشقا، 2 ـ ماددىنىڭ (d) تارمىقىدا كۆرسىتىلگەندەك، خىتاي ئېنىقلا «گۇرۇپپا ئىچىدە تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش» قىلمىشى ئۈچۈن جاۋابكار ھېسابلىنىدۇ.

ئاخىرىدا، بارغانسېرى كۆپىلگەن ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلىرى جازا لاگېرلىرىغا ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك مۇئەسسەسەلىرىگە قامالغانلىقتىن، ئۇيغۇر بالىلار دۆلەت قارمىقىدىكى يېتىمخانىلارغا سولىنىپ، خىتاي تىلى مۇھىتىدا ئۆلچەملىك خىتايچە پەرزەنت تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىدا يېتىشتۈرۈلمەكتە. شۇڭا، خىتاي «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى» نىڭ 2 ـ ماددىسىنىڭ (e) تارماقچىسىدا كۆرسىتىلگەندەك، «گۇرۇپپىدىكى بالىلارنى باشقا (مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي) گۇرۇپپىغا مەجبۇرىي يۆتكەۋاتىدۇ».

(تۈگىدى)

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# قازاقستان ئۇيغۇرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى

قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى دېگەندە، 1991 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيىسى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەزكۇر ئۇيغۇر توپلۇمى ئانا ۋەتىنىمىزدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان توپلۇم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا قازاقىستانمۇ ۋەتىنىمىزدىن قالسىلا ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ بولغان ئىككىنچى چوڭ دۆلەت دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، ھەتتا تۈركمەنىستاندىمۇ مەلۇم ساندا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. بۇلار مەتبۇئاتلاردا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياشىغان دۆلەتلىرى ۋە تۈزۈملىرى ئايرىم بولسىمۇ، بىراق ئورتاق ئۇيغۇر مەدەنىيەت گەۋدىسىگە مەنسۇپتۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن باشلىغان ئۆز ئالدىغا مىللىي كىملىك تىكلەش ۋە ئۇنى تېز راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مىللىي كىملىك ۋە مىللىي روھنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، مۇرەككەپ سىياسىي، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. 1921 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇن ئېچىلغان تاشكەنت قۇرۇلتىيىدا رەسمىي ماقۇللانغان ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ئاستىغا ئۇيۇشقان قەيسەر خەلقىمىز 2021 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇنغا كەلگىچە ساق يۈز يىل لېنىنچە ـ ياڭ زېڭشىنچە بىخۇتلۇقتا قالدۇرۇلۇپ ئالدىنىش، ستالىنچە ـ شېڭ شىسەيچە چوڭ تازىلاشتا قىرىلىش، ۋاڭ جېنچە ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ۋاڭ ئېنماۋچە سىياسىي زىيانكەشلىك، ۋاڭ لېچۈەنچە چوڭ خىتايچىلىق جىنايەتلىرىدە تالاپەت تارتىش، ئاخىرىدا خىتاي دۆلىتىنىڭ قولىدا دۆلەت تېررورلۇقى ئاستىدا بىرمىللەت سۈپىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچار بولۇش قاتارلىق تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن قورقۇنچلۇق ۋە تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز قايغۇ ـ ئەلەملىك قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ يۈز يىللىق قان ـ ياشلىق بىر ئەسىرنى تاماملاش ھارپىسىدا تۇرماقتا.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار بۇ جۇمھۇرىيەتلەردە ئازسانلىق مىللەت ھېسابلانسىمۇ، بىراق سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ـ مائارىپ، سەنئەت ۋە باشقا ھەر قايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن ئۆزلىرى ياشىغان جۇمھۇرىيەتلەرگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىگە خوشنا غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيا (خىتايلار بىزنى پۈتۈن كۆچى بىلەن شەرقىي ئاسىيا كاتېگورىيىسىگە تەۋە دەپ ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن باغلانغان بارلىق ئورتاقلىقلىرىمىز ۋە خاسلىقلىرىمىزنى يوقىتىشقا كۆچەۋاتقان نازۇك پەيتلەردە مەن ۋەتىنىمىزنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىرتىدا دەپ ئىپادە قىلىشقا قارشى

تۆرمەن. شۇڭلاشقا خوشنا مەركىزىي ئاسىيا ئەللىرىنى غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىمەن) رايونى ئەزەلدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كەڭ تارقىلىپ، جۇشقۇن راۋاجلىنىپ، ئەينى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر مىللىتىدىن كۆپلىگەن دۆلەت ئەربابلىرى، مەدەنىيەت ئەربابلىرى يېتىشىپ چىققان، ھەم ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھاياتتا مۇھىم رول ئوينىغان مۇھىم رايوندۇر. بۇ رايوندىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇستەقىل بولغان قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى، مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەنە شۇ جۇمھۇرىيەتلەردە مەۋجۇت بولغان بارلىق مۇمكىنچىلىكلەردىن پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۆتكەن بىر ئەسىر مابەينىدە بۇ جۇمھۇرىيەتلەردە ئون مىڭلىغان ھەربىي قوماندان ـ ئەسكەرلەر، يۈزلىگەن شائىر ـ يازغۇچىلار، مىڭلىغان ئالىملار، يۈزلىگەن مەرىپەتچىلەر، سەنئەتكارلار، ئونلىغان داڭلىق رەسساملار تەربىيىلىنىپ چىقىپ، شۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئاتاقلىرىغا ۋە ھۆرمەت ناملىرىغا سازاۋەر بولغان. بىز بۇ ماقالىدە پەقەتلا ھازىرقى قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

1. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى:

ھازىرقى مەركىزى ئاسىيا مۇستەقىل تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەسمىي ستاتىستىكىلىرى بويىچە، كۆنىمىزدە قازاقىستان ئۇيغۇر جامائىتى ئەڭ كۆپ دۆلەتتۇر. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 1999 ـ يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇس ستاتىكىسى بويىچە ئۇيغۇرلار، قازاقلار، ئورۇسلار، ئۆزبېكلەر، ئۇكرائىنلار، بېلارۇسلار ۋە تاتارلاردىن قالسىلا قازاقىستاندىكى 7 ـ چوڭ مىللەت بولۇپ، نوپۇسى 210400 كىشى دەپ قارالغان. 2009 ـ يىلدىكى سانلىق مەلۇماتتا 223100 كىشى دەپ ئېلىنغان. 2012 ـ يىلدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسى بويىچە، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇيغۇرلار 237532 نەپەر دەپ قارالغان. 2020 ـ يىلدىكى نوپۇسى تەخمىنەن 300000 نەپەرگە يەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنماقتا. بىراق يەرلىك خەلقنىڭ، بولۇپمۇ شۇ يەردىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ قارىشىچە، قازاقىستاندا ھازىر بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر بارلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. چۈنكى مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا مەيلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قايسى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتلىرىغائ ىشەنچ قىلماسلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ تۈرغۈن سانلىق مەلۇماتلاردىن خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلار ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان مەلۇماتلىرى مەۋجۇت.

2 . قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي كىملىك تەرەققىياتى:

خىتاي تەرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىنى ئىشغال قىلىپ، ھەر خىل سىياسىي سۈيقەست ۋە تەقىپلەرنى باشلىغاندىن كېيىن، ھازىرقى غۇلجا ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلار 1964 ـ 1954 ـ يىللىرى توپ ـ توپ بولۇپ ئەينى چاغدىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان رىسپۇبلىكىلىرىغا كۆچۈپ

چىققان. بۇ چوڭ كۆچۈشلەر نەتىجىسىدە مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بىراقلا ئاشقان. شۇنىڭدەك شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، سەنئىتى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي كىملىكلىرى كۆچەيگەن ھەم راۋاجلانغان. ئۆز ئېتنىك كىملىكىنى ساقلىغان ئۇيغۇرلار يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بىلەن قوشۇلۇپ، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى بىردىنلا كۆپەيگەن. ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرى بۇ چاغلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزبېكلىشىپ، ئۆز مىللىي كىملىكىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يۈتتۈرۈپ قويغان بولۇپ، ئەسلىدىكى ئېتنىك كىملىكىنى يوقاتمىغانلار يېڭى كۆچۈپ كەلگەنلەر بىلەن قوشۇلۇش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى رەسمىي شەكىلدە قايتىدىن پەيدا بولغان ھەمدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەن. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار كولخوزلار، يېزا-قىشلاقلار ۋە شەھەرلەرگە توپلىشىپ، زىچ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزمىللىي كىملىكى، مائارىپى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلىشى باشقا جۇمھۇرىيەتلەرگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ياخشى بولغان. 1950-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى. تېررىتورىيىسىدىكى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەقەت قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىلا سوۋېت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بىراق ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىز سىرتىدىكى ئىككى مۇھىم گۇرۇپپىسىنىڭ بىرى بولغان پەرغانە گۇرۇپپىسى داۋاملىق ئۆزبېكلىشىش خەۋپى ئاستىدا تۇرماقتا. چۈنكى ئۆزبېك مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئارىسىدا ئاساسەن چوڭ پەرق بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گۇرۇپپىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن تارقاق ئولتۇراقلاشقاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە سىڭىشىپ كېتىشى پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى بولسا ئۆز مىللىي كىملىكى، مىللىي مەدەنىي-مائارىپى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، مۇزىكىلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىزچىل تۈردە ياخشى ساقلاپ كەلگەن. شۇنىڭدەك بۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى بىر پارچىسىلىق رولىنى ئويناماقتا. بۇ گۇرۇپپىنىڭ يەرلىك قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىشى ئاساسەن دېگۈدەك كۆرۈلمىگەن. بىراق، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم، ئەلۋەتتە.

### 3 . قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىيات باسقۇچلىرى:

قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى تارىخىي تەرتىپ ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، ئۈچ تارىخىي دەۋرگە بۆلۈشىمىز مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئۈچ دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى ۋە تەرەققىيات مۇساپىسى بار.

#### 1 ) چاررۇسىيە دەۋرى (1878 - 1917)

دوكتۇر نەبىجان تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، چاررۇسىيە دەۋرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە، ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارغىمۇ ھېچقانداق گۈللىنىش ئېلىپ كەلمىگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋى

مەدەنىي ـ مائارىپنىڭ رەسمىي شەكىللىنىش ۋە گۈللىنىشى سوتسىيالىستىك ئىدىئولوگىيە ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىلا ئىشقا ئاشتى. يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئومۇمەن ئۇيغۇر ئېلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقى،ساۋاتسىزلىقىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېف، بۇرھان قاسىموف قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرىدە كۆپ تەكىتلەنگەن ئىدى. بۇرھان قاسىموف يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ: «خەلقىمىزنىڭ 100 دىن بىرى بولمىسا، قالغانلىرى يېزىشنى بىلمەيدۇ. ساۋاتسىزلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش چارىلىرى بىزدە تېخى كۆرۈلمىدى. يېتەرسىزلىك كۆپ، مىڭدىن بىرىنىمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئىنقىلابتا پۈتۈن رۇسىيەدىكى ئايماقلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئېزىلگىنى بىز. مەيلى ئۆتمۈشتە، مەيلى ھازىر ئەڭ تۆۋەن، نادان سانالغىنى بىز، ئېغىرلىقنى، خورلۇقنى ئەڭ كۆپ تارتقان بىز ئۇيغۇر خەلقى» دەپ يازغان.

### 2 ) سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرى (1918 ـ 1991)

دوكتۇر نەبىجان تۇرسۇن ئەپەندى بۇ باسقۇچنى يەنە ئۈچ مەزگىلگە ئايرىپ شۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ستالىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن باسقۇچ ۋە ستالىندىن كېيىنكى باسقۇچ، سوۋېت ـ جۇڭگو رەقىبلىك باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىبارەت ئۈچ مەزگىلگە ئايرىش مۇمكىن. ستالىن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يەنە 1937 ـ 1938 ـ يىللىرىدىكى چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى ۋە سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىنى چېگرا قىلىپ، ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ 1918 ـ 1941 ـ يىللىرى بولۇپ، بۇ يىگىرمە يىل ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەنئەت ۋە باشقا ھەرساھەلەر بويىچە مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇيغۇر زامانىۋى مەدەنىيىتى، سەنئىتى،ئەدەبىياتى يوقلۇقتىن بار بولۇپ، شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى. بىرىنچى باسقۇچتا يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەنزىرىسى 1938 ـ 1937 ـ يىللىرى ستالىننىڭ تازىلاش ھەرىكىتى بىلەن بىتچىت قىلىنغان بولسا، 1941 ـ يىلى سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن تامامەن تۈگەشتى. 20 ـ ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا سوۋېت دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1945 ـ يىلىدىن تاكى ستالىن ئۆلۈپ خرۇشېۋ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەنگىچە بولغان باسقۇچتۇر. مەزكۇر باسقۇچتا ئۇيغۇر خەلقى بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىگىلىكىنى قايتىدىن قۇرۇش ھەم كۈچەيتىشكە ئاتلاندى. ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، نىكىتا خرۇشېۋنىڭ شەخسكە سىغىنىشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ۋە ستالىننىڭ خاتالىقلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ستالىن دەۋرىدىكى گۇلاگلارنى بىكار قىلىپ، گۇلاگ تۇتقۇنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشلانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ مائارىپىدا يېڭى تەرەققىيات يولى باشلاندى. سوۋېت دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى سوۋېت ـ جۇڭگو رەقىبلىك باسقۇچى بولۇپ، بۇ 1961 ـ يىللىرىدىن 1989 ـ يىللىرىغىچە بولغان 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەرياندا نىكىتا خرۇشېۋ، لېئونىد

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

برېژنېۋ ۋە مخايىل گورباچېۋتىن ئىبارە ئۈچ شەخس مۇقىم ۋە ئۇزۇن ۋاقىت ھۆكۈم سۈردى. برېژنېۋ بىلەن گورباچېۋ دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.»

3 ) مۇستەقىل مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرى (1991ـ يىلىدىن تاكى ھازىرغىچە)

1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىردىنلا يىمىرىلىشى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدە 15 مۇستەقىل دۆلەت مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭدەك سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى غەرب دۇنياسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىقىلىشى دۇنيانى ئۆزگەرتتى. جۈملىدىن مەركىزىي دۆلەتنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقئارا ۋە رايون خاراكتېرلىق مۇناسىۋەتلەردە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر بۇ 20 يىل ئىچىدە قەدەممۇ ـ قەدەم ئۆز مىللىي ۋە دۆلەت كىملىكىنى تىكلەش يولىنى تۇتۇپ، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ئاساسلىق مىللەتلەر ـ قازاقلار، ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار، تۈركمەنلەرنىڭ دۆلەتچىلىك، مىللەتچىلىك ئىدىئولوگىيىسى كۈچەيتىلدى. نەبىجان تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ تەكىتلىشىچە، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى قازاقىستاننى مەركەز قىلىپ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى ۋە مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا ئىگە بولۇشىدەك ئەۋزەللىكى تۈپەيلىدىن قازاقىستان ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى چەتكە قاقمىغان. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ زور كۆلەمدە مەبلەغ ئاجرىتىش سىياسىتىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ھۆكۈمەتنىڭ مەبلىغى ۋە باشقۇرۇشى بىلەن قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت، تەشۋىقات، تەتقىقات، مائارىپ ئورۇنلىرىغا قارىتا مەبلەغنى قىسقارتىش ئارقىلىق، بۇ ئورۇنلارنىڭ گورباچېۋ دەۋرىدىكىدەك ئالاھىدە سالاھىيىتىگە چەك قويغان. بەزىلىرىنى توختاتقان، بەزىلىرىنى بولسا قىسقارتقان. كېيىنچە بازار ئىگىلىكى، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، مەبلەغ سېلىشقا ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما، قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوللاش پوزىتسىيىسىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغان. نىمىلا دېگەن بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى بولغان مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى ئىككى دەۋرگە قارىغاندا ئەركىن تەرەققىي قىلىش يولىغا كىرگەن، ئانا ۋەتىنى بىلەن تەقدىرداشلىقى ئاشقان، ئەمما كۈچلۈك ۋە مۇرەككەپ ئىستىقبال مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن دەۋردۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، قازاقىستان ھۆكۈمىتى ھازىر ئۇيغۇر تىلىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىنى دۆلەت مەبلىغى ۋە پروگراممىسى بىلەن قوللىماقتا. ھەر يىلى دۆلەت نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۇيغۇر تىلىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى نەشر قىلىپ، بىر قانچە ئون مىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈشىنى قوللىماقتا. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىگە نىسبەتەن ئۆز مىللىي تىلىدا دەرس ئۆتۈش، قازاقچە، رۇسچە تىللارنى مۇھىم دەرس سۈپىتىدە ئۆگىنىش سىياسىتى قوللانغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى

پۈتۈن دەرسلەرنى ئۆز ئانا تىلىدا ئۆگىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى زوردۇر. بىراق يېقىنقى نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىي ئەھۋاللار ۋە شۇيەردىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ ئىنكاسلىرىغا قارىغاندا، ھازىرقى قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىش غېمى كۈچىيىپ مېڭىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

«مەكتەپ» نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىراتىنىڭ باشلىقى رەخمەتجان غوجامبەردىيېڧ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر قازاقىستاندا ئاتمىشتىن ئوشۇق تازا ئۇيغۇر ۋە ئارىلاش، يەنى ئوقۇتۇش قازاق، رۇس ۋە ئۇيغۇر تىلىدا يۈرگۈزۈلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 17 مىڭدىن ئوشۇق بالا بىلىم ئېلىۋاتقان بولۇپ، ھازىر قازاقىستانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئانا تىللىق مەكتەپلەرنى ساقلاپ قېلىش ئىكەن. رەخمەتجان غوجامبەردىيېڧ ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئانا تىللىق مائارىپ ھەر قانداق مىللەتنىڭ مىللىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇل ـ ئاساسى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى ھەر قانداق ئاڭلىق ئادەم ياخشى بىلىدۇ. ئانا تىللىق مەكتەپلىرىمىز مەۋجۇت بولغاچقا قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، ئۇنىڭ قەدرىيەتلىرىنى مۇشۇ كەمگىچە ھەرتەرەپتىن ساقلاپ كەلمەكتە. شۇلارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە جۇمھۇرىيەتلىك گېزىتىمىز، مىللىي تىياتىرىمىز ۋە باشقىلار مەۋجۇت. ئەلۋەتتە، شۇلارنىڭ ئىش ـ پائالىيىتىنى كېلەچەكتىمۇ ئۇتۇقلۇق داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ياخشى بىلىدىغان مىللىي كادىرلار كېرەك. ھازىر ئوقۇتۇش ئانا تىلىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مەكتەپلەردىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى بىلىم سۈپىتىنى كۆتۈرۈش مەسىلىسىدۇر.» گەرچە ئۆتكەن يىلى قازاقىستانمۇ خىتاي ۋىرۇسىنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە دۇچ كېلىپ، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى قاتتىق دەخلىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق قازاقىستاندا بۇ يىل يەنىلا 810 نەپەر ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتى ئوتتۇرا مەكتەپنى ئانا تىلدا تاماملىغان.

سايرام ئوغلانى تەييارلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# خىتاي بىلەن رۇسىيە ھەقىقىي ئىتتىپاقداشلاردىنمۇ؟

ئىئان خىل

# رۇسىيە بىلەن خىتاي ھەقىقىي ئىتتىپاقداشلاردىنمۇ؟

ئىئان خىل (يېڭى زېلاندىيەنىڭ سابىق دىپلوماتى)

رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ ئالدىنقى ھەپتە ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىدە كۆپ تەرەپچىلىك (multilateralism) رىقابەت قارشى توغرىسىدا ئامېرىكا بىلەن دەتالاش قىلىشى موسكۋا بىلەن بېيجىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يېقىنقى يىللار مابەينىدە تېخىمۇ قويۇقلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شۈبھىسىزكى، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مەزكۇر مۇناسىۋەت ھەر ئىككى دۆلەت ئۈچۈن ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما موسكۋا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا يەنە تەبىئىي خەتەر ۋە ئاجىزلىقلار مەۋجۇت.

رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لاۋروف يېقىندا رۇسىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى «ئۆزگىچە» دەپ تەرىپلەپ، ئۇنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىق ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئۆزئارا تەسىرچانلىق» بىلەن خاراكتېرلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۈنىسى شەكسىزكى، رۇسىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى قوش تەرەپلىك ھەمكارلىقنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى، شۇنداقلا بەزى ساھەلەردە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. بۇ مۇناسىۋەت ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن شەخسىي مۇناسىۋەتتىن مەنبەلەنگەن.

ئەمەلىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بېيجىڭ بىلەن تېخىمۇ قويۇق ھەمكارلىق ئورنىتىش 2014 ـ يىلىدىن كېيىن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن يىراقلاشقان ھەم شۇ سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەلبىي تەسىرلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنى ئويلايدىغان رۇسىيە ئۈچۈن ئىستراتېگىيىلىك زۆرۈرىيەتتۇر.

ئەمما ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بۇ خىل يېقىن ھەمكارلىقنىڭ، رۇسىيە ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىرى بار. پۇتىنغا كۆرە، رۇسىيە ـ خىتاي مۇناسىۋىتى قويۇقلاشقانسېرى، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ غەربتىكى شېرىكلىرى شۇنچە بىئارام بولۇپ، ئامېرىكانىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھېساب ـ كىتابلىرى شۇنچە مۇرەككەپلىشىدۇ، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ ۋاشىنگتوننىڭ نەزىرىدىكى ۋەزنى شۇنچە ئاشىدۇ.

بۇ جەھەتتە، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تاشقى سىياسەت جەھەتتىكى ئەمەلىيەتچىل (پراگماتىك) ھېساب ـ كىتابلارنىڭمۇ تەسىرى بار، ئەلۋەتتە.

بىرىنچى، (ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى) روشەن سىياسىي يېقىنلىق ھەر ئىككى رەھبەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ مۇستەبىت خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭ بەزى ئەمەلىي ئىپادىلىرى بار: رۇسىيە دۆلەت ئىچىدىكى بىخەتەرلىك ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن، خىتاينىڭ چىراي تونۇش تېخنىكىسىنى قوللاندى. شۇنداقلا ــ گەرچە ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان بولسىمۇ ــ خىتاينىڭ تور ئەركىنلىكى چەكلىمىسىنى دوراشقا ئۇرۇندى.

ئىقتىسادتىكى ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىق ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. رۇسىيەگە نىسبەتەن، بايلىق ـ مەنبەلەرگە قارىتا ئېھتىياجى پەۋقۇلئاددە زور بولغان خىتاي ئېنېرگىيە، تاۋار ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتى ئۈچۈن غايەت زور، بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان ۋە ئەڭ يېقىن بازاردۇر. خىتاي بولسا رۇسىيەنى باھاسى مۇۋاپىق تەييار مەھسۇلات ۋە مەبلەغ (گەرچە رۇسلارنىڭ كۈتكىنىدىن ئاز بولسىمۇ) بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۈلتۈر ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى قوش تەرەپلىك سودىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 100 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ، 2013 ـ يىلىدىن بۇيان خىتاينىڭ رۇسىيەنىڭ تىجارىتىدە ئىگىلىگەن ئۈلۈشى بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى.

تاشقى سىياسەتتە، رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ زېھنىيىتى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە كۆنتەرتىپى دائىم بىر ـ بىرىنىڭكىگە توغرا كېلىپ قالىدۇ: بولۇپمۇ ئۇلار ئىككىلىسى ئامېرىكانىڭ ئۈستۈنلۈكىگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ ۋە «غەربتىكى رېۋىزىيونىستلارنىڭ قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپكە <لىبېراللىق> تونى كىيدۈرۈش ئۇرۇنۇشى»نى ئامېرىكانىڭ ئاتامانلىق ئورنىنى تىكلەش قورالى دەپ قاراپ، بۇنىڭغا بولغان سەسكىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەكسىچە، رۇسىيە ب د ت نى ئاساس قىلغان خەلقئارا قانۇن رامكىسىنىڭ مەركەزلىك ئورنىنى، بولۇپمۇ خىتاينىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق» پرىنسىپىنى ياقلايدۇ.

بۇ ئىككى دۆلەت، خەلقئارالىق مەسىلىلەردە ــ تامامەن بولمىسىمۇ ــ ماھىيەتلىك سىياسىي بىردەكلىككە ئىگە. رۇسىيە بىلەن خىتاي ئۆزئارا ئاشكارا قوللاشمىغان مەسىلىلەردىمۇ، بىر ـ بىرىگە بىۋاسىتە قارشى چىقماي، «ئارقىڭدا مەن بار» دېگەن مەيدانىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى تەسكىن تاپقۇزىدۇ. رۇسىيەنىڭ خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى كېڭەيمىچىلىك پائالىيەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە خىتاينىڭ رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنادىكى تاجاۋۇزچىلىقىغا سۈكۈت قىلىشى بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىندۇر. موسكۋانىڭ «ھىندى ـ تىنچ ئوكيان» ئۇقۇمىغا قارشى تۇرۇشى نوقۇل ھالدا رۇسىيەنىڭ مەركىزى قۇرۇلمىدىكى ئورنىنىڭ ئېنىقسىزلىقى سەۋەبلىكلا بولماستىن، بەلكى مەزكۇر قۇرۇلمىنىڭ «خىتاينى چەكلەشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى»دىن ئىبارەت تۈپ سەۋەبكە بولغان ئەندىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ھەربىي ھەمكارلىقنىڭ بارغانسېرى قويۇقلىشىشىمۇ كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى. بۇ خىتاينىڭ رۇسىيەنىڭ يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان كەڭ كۆلەملىك ھەربىي مانېۋىرىغا

قاتنىششى، ئىككى دۆلەتنىڭ ياپونىيە دېڭىزىدا بومباردىمانچى ئايروپىلان ئارقىلىق بىرلەشمە چارلاش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىشى ۋە (ھىندى ئوكيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردا) بىرلەشمە دېڭىز مانېۋىرى ئۆتكۈزۈشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رۇسىيە ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ ئاساسلىق قورال - ياراغ تەمىنلىگۈچىسىلىك تارىخىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خىتاينى SU 35 تىپلىق كۆرەشچى ئايروپىلان ۋە 400 - S باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى بىلەن، ھەتتا باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بايقاش تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلەپ، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

ۋەھالەنكى، بۇ ھەمكارلىقلارنىڭمۇ چېكى بار.

رۇسىيە مەزكۇر مۇناسىۋەتتە بەكلا ئىككىلەمچى ئورۇندا بولۇپ، بۇ خىل ئىككىلەمچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى كۈچىيىدىغان بولغاچقا، رۇسىيە بۇ جەھەتتىن بىئارام. موسكۋا ئىستراتېگىيەلىك ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا كۆچەپ، مەيلى سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، خىتايغا بېقىنىپ قېلىش خەۋپىدىن ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ.

كۆپ خىللىششىنىڭ بۇ خىل لوگىكىسى رۇسىيەنىڭ ھىندىستان بىلەن بولغان، تارىختا كۈچلۈك، ئەمما يېقىندا تۈرغۈن ھالەتتە تۇرۇپ قالغان مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھالبۇكى، ھىندىستان بارغانسېرى خىتاينىڭ ئاساسلىق ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي رەقىبىگە ئايلانماقتا. يەنە شۇنىڭدەك، رۇسىيە ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش تىرىشىپ (گەرچە ھەل قىلىش بەسى مۈشكۈل بولغان كۇرىل تاقىم ئاراللىرى توغرىسىدىكى زېمىن تالاش - تارتىشى بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلسىمۇ)، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتمەكتە.

ھالبۇكى، موسكۋانىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى ئاسانغا توختمايدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە، رۇسىيە ئېنېرگىيە ۋە تاۋار ئېكسپورتى ساھەلىرىدە، خىتاي بازىرىغا بەكلا موھتاج، بۇ خىتاينى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنىڭ شەرتلىرىنى بەلگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. رۇسىيەنىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان پايدىلىق ھەمكارلىقنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ئارقىلىق تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشى تولىمۇ مۈشكۈل. بۇ مۈشكۈللۈك رۇسىيەنىڭ ھىندىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. رۇسىيەنىڭ ھىندىستان بىلەن دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشى، بولۇپمۇ ھىندىستانغا ئىلغار ھەربىي ئۈسكۈنىلەرنى سېتىپ بېرىشى بېيجىڭنى خۇدۇكسىرىتىشى مۇمكىن.

شۇنداقلا، رۇسىيە ھېلىھەم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىمتىيازلىق تەسىر دائىرىسى دەپ قارايدىغان بولغاچقا، خىتاينىڭ بۇ جايلاردىكى ئىقتىسادىي ساھەدىن ھالقىغان مەۋجۇتلۇقى

ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە قارىتا تولىمۇ ھوشيار مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، موسكۋا يەنە ئۆزىنى شىمالىي قۇتۇپتىكى ئاساسلىق رولچى دەپ قارايدىغان بولغاچقا، خىتاينىڭ بۇ يەردىكى مۇددىئالىرىدىنمۇ ھەزەر قىلىدۇ.

تارىخ بۇ مۇناسىۋەتنىڭ مۇستەھكەم بولالىشىدىن ئانچە زور ئۈمىد يوقلۇقىنى كۆرسەتمەكتە. رۇسىيەلىكلەر، جۈملىدىن ھەربىي ساھەدىكىلەر، خىتاينىڭ بارغانسېرى زورىيىۋاتقان كۈچى ۋە ئىقتىدارىدىن ھەزەر قىلىدۇ، شۇنداقلا، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يامانلاشقان ھامان، بۇ كۈچنىڭ رۇسىيەنىڭ بېشىغا بالا بولۇشىدىن خەۋپسىرىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىشىشى سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان، كىشىنى بىزار قىلىدىغان خەلقئارالىق مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە قارىتا، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى چەكلىك. ئەمما، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ھېچ بولمىغاندا رۇسىيە بىلەن ئەستايىدىل رەۋىشتە بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، موسكۋانى خىتايغا زىيادە تايىنىپ قېلىشنىڭ خەۋپى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈندىشى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.lowyinstitute.org/the - interpreter/russia - china - unholy - alliance



# ۋاقىت باشقۇرۇش: كۈندىلىك ئىشلارنى دەرىجىگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى

www.uyghurkitap.com

# ۋاقىت باشقۇرۇش: كۆندىلىك ئىشلارنى دەرىجىگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى

براين چېيىسى

**ئەسكەرتىش: ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان بىر ئىنساننىڭ «پاقا» كۆندىلىك ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشنى كۆرسىتىدۇ**

**ھەر ۋاقىت «A، B، C، D، E» مېتودىنى قوللىنىڭ.**

«مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تۈنجى قائىدىسى زېھىننى مەركەزلەشتۈرۈش، يەنى بارلىق زېھنىڭىزنى بىر نۇقتىغىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئوڭ ـ سولغا قارىماستىن، شۇ نۇقتىغا قاراپ ئىلگىرىلەشتۇر» ـــ ۋىلىيام مەسېۋس (William Mathews)

**بىر ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، پىلانلاشقا ۋە مۇھىم كۆنتەرتىپلەرنى بەلگىلەشكە قانچە كۆپ زېھنى مەبلەغ سالسىڭىز، شۇنچە مۇھىم ئىشلارنى قىلالايسىز ۋە ئۇلارنى شۇنچە تېز تاماملىيالايسىز. قىلىنماقچى بولغان ئىش سىز ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئۇنىڭ ئارقىغا سۈرمەسلىككە بولغان رىغبىتىڭىزمۇ شۇ قەدەر كۈچىيىدۇ ۋە ئۆزىڭىزنى ئۇ ئىشقا شۇنچە بېغىشلىيالايسىز.**

**«A، B، C، D، E» مېتودى كۆنتەرتىپلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇشتا ھەركۈنى قوللانغىلى بولىدىغان، ئۈنۈملۈك مېتودتۇر. بۇ مېتود شۇ قەدەر ئۈنۈملۈك ۋە ئاددىيكى، ئۇ سىزنى ئۆز ساھەيىڭىزدىكى ئەڭ ئۈنۈمدار ۋە ھەرىكەتچان ئىنسانلاردىن بىرىگە ئايلاندۇرالايدۇ.**

**بۇ مېتودنىڭ كۈچى ئۇنىڭ ئاددىيلىقىدىن مەنبەلەنگەن. بۇ مېتودتىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك:**

**ئەتە قىلىشىڭىز كېرەك بولغان بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ماددىلاردىن تەركىب تاپقان بىر تىزىملىك تەييارلاڭ.**

ئاندىن تۆنجى ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ھەر ماددىنى «A، B، C، D، E» دىن ئىبارەت دەرىجىلەرگە ئايرىڭ.

«A» دەرىجە: چوقۇم قىلىشىڭىز شەرت بولغان، ئىنتايىن مۇھىم ئىشلاردۇر. ئىنتايىن مۇھىم بىر خېرىدار بىلەن كۆرۈشۈش، ياكى باشقۇرغۇچىڭىزنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەتلىرى يىغىنىدا ئىشلىتىدىغان دوكلاتىنى تەييارلاش دېگەندەك ئىشلار مۇشۇ دەرىجىگە تەۋەدۇر.

ئەگەر «A» دەرىجىگە ئايرىلغان ئىشلىرىڭىز بىردىن كۆپ بولسا، ئۇلارنى مۇھىملىق تەرتىپىگە كۆرە، «A3» ، «A2»، «A1» دېگەن شەكىلدە تارماق دەرىجىلەرگە ئايرىڭ. «A1» سىزنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ سەت «پاقا»ڭىزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

«B» دەرىجە: قىلىشقا تېگىشلىك، ئەمما نىسبەتەن ئوتتۇراھال نەتىجە بېرىدىغان ئىشلىرىڭىزدۇر. بۇ خىزمەت ھاياتىڭىزدىكى «قۇمچاق»لاردۇر. يەنى بۇ دەرىجىدىكى ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلمىسىڭىز، بىئارام بولۇپ، راھەتسىزلىنىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، بۇلار ھەرگىز «A» دەرىجىدىكى ئىشلاردەك مۇھىم ئەمەس. تېلېفوندىكى ئانچە مۇھىم بولمىغان بىر ئۇچۇرغا جاۋاب قايتۇرۇش ياكى ئېلخەتلىرىڭىزنى تەكشۈرۈش دېگەنلەر تىپىك «B» دەرىجىگە تەۋە ئىشلاردىندۇر.

قائىدە شۇكى، قىلىنمىغان «A» دەرىجىدىكى ئىشتىن بىرى تۇرغان يەردە، «B» دەرىجىدىكى ئىشلار بىلەن ھەپىلەشمەسلىك كېرەك. ئالدىڭىزدا يوغان «پاقا»دىن بىرى تۇرغان ئەھۋالدا، «قۇمچاق»لارغا دىققىتىڭىزنى چېچىپ يۈرمەڭ.

«C» دەرىجىدىكى ئىشلار قىلسىڭىز ياخشى بولىدىغان، ئەمما قىلىنىش - قىلىنماسلىقى ھېچبىر ئىشقا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئىشلاردۇر. دوستلىرىڭىزغا تېلېفون قىلىش، خىزمەتدىشىڭىز بىلەن قەھۋە ئىچىش ياكى تاماق يېيىش، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا شەخسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە تەۋە. بۇ تۈردىكى ئىشلارنىڭ خىزمەت ھاياتىڭىزغا ھېچبىر تەسىرى يوق.

«D» دەرىجىدىكى ئىشلار «باشقىلارغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك» ئىشلاردۇر. بۇ جەھەتتىكى قائىدە شۇكى، پەقەت سىزلا ھەل قىلالايدىغان «A» دەرىجىدىكى ئىشلار ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتالىشىڭىز ئۈچۈن، باشقىلارمۇ قىلالايدىغان ئىشلارنى شۇلارغا تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك.

«E» دەرىجىدىكى ئىشلار خىزمىتىڭىزگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقى سەۋەبلىك، تامامەن بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇشى كېرەك بولغان ئىشلاردۇر. بۇلار بىر مەھەل ئانچە - مۇنچە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئەمما ئۆۋەتتە نە سىز ئۈچۈن، نە باشقىلار ئۈچۈن ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمىغان ئىشلاردۇر. كۆنۈپ قالغانلىقتىن ياكى ئىچ پۇشقىڭىزنى چىقىرىش ئۈچۈن قىلىپ كەلگەن ئىشلىرىڭىز شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېزىملىكىڭىزنى «A، B، C، D، E» مېتودى بويىچە تەرتىپلىگەندىن كېيىن، «مۇھىم ئىشلارنى تېز سۈرئەتتە ھەل قىلىشقا تەييار بولدىڭىز» دېگەن گەپ.

بۇ مېتودتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ ئۇسۇلى — ئىشنى «A1»دىن باشلاپ، شۇ ئىشنى چىدام بىلەن داۋاملاشتۇرۇشقا ئادەتلىنىشتۇر. ئىرادىڭىزنى نۆۋەتتە قىلالايدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشقا ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈڭ. «پاقا»نى پۈتۈنلەي يەۋېتىڭ ۋە ئۇنى تامامەن ھەزىم قىلماي تۇرۇپ توختاپ قالماڭ.

خىزمەت تىزىملىكىڭىز ھەققىدە ئويلىنىش، ئۇنى تەھلىل قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق «A1» دەرىجىلىك ئىشلارنى بەلگىلەش قابىلىيىتىڭىز تېخىمۇ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىڭىزگە ۋە ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىڭىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

زېھنىڭىزنى «A1» دەرىجىلىك ئىشلىرىڭىزغا، يەنى ئەڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىڭىزگە ياكى ئەڭ چوڭ «پاقا»ڭىزغا مەركەزلەشتۈرۈشكە ئادەتلەنگەنسېرى، ئۆزىڭىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى ھەرقانداق «ئىككى - ئۈچ كىشىلىك» گۇرۇپپىدىنمۇ كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىڭىزنى بايقايسىز.

ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ!

دەرھال خىزمەت تىزىملىكىڭىزنى كۆزدىن كەچۈرۈڭ ۋە ھەربىر ئىش - پائالىيىتىڭىزنى باھالاپ، «A، B، C، D، E» ھەرپلىرى بويىچە دەرىجىگە ئايرىڭ. «A1» دەرىجىلىك ئىشلىرىڭىزنى بەلگىلەڭ ۋە دەرھال شۇ ئىشقا كىرىشىڭ. شۇنداقلا، ئاشۇ ئىش تاماملانغانغا قەدەر، باشقا ھېچبىر ئىش بىلەن ھەپىلەشمەسلىككە ئادەتلىنىڭ.

«A، B، C، D، E» مېتودىنى ھەركۈنى قوللىنىڭ. كېيىنكى ئايلىق ئىشلارنى باشلاشتىن ئىلگىرىمۇ مۇشۇ مېتودتىن پايدىلىنىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇزاققا بارمايلا ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى بەلگىلەش ۋە ئۇلارنى تاماملاش ئادىتىڭىز يېتىلىدۇ.

«ئۇ پاقىنى يەڭ» ناملىق كىتابتىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى




# ئانتونى بلىنكېننىڭ تاشقى سىياسەت تۇتۇمىغا قىسقىچە نەزەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئانتونى بىلىنكېننىڭ تاشقى سىياسەت تۇتۇمىغا قىسقىچە نەزەر

## خىتايغا بولغان تۇتۇمى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەنى ترامپ ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولغاندىن كېيىن، ۋاشىنگتون - بېيجىڭ ئارىسىدىكى جىددىيلىك سودا ئۇرۇشى، تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى، جاسۇسلۇق جىنايىتى، تېخنىكا ئوغرىلىقى شىكايەتلىرى، شۇنداقلا ئۇدا ئىككى نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى ھالەتكە چىقتى.

خىتاي بولسا ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتىنى ئامېرىكانىڭ سابىق پرېزىدېنتى دونالد ترامپ دەۋرىدە ناچارلاشقان بۇ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا چاقىردى.

ئۇنداقتا، ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان نۆۋەتتىكى تۇتۇمى قانداق؟ بۇ ھەقتە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، نەزىرىمىزنى ئامېرىكانىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولغان ئانتونى بىلىنكېننىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئىپادىلىرىگە ئاغدۇرايلى.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدىن 2 - ئايدا خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن ئىككى سائەت تېلېفونلاشقاندى.

بىلىنكېن 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى CBS تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ «60 مىنۇت» پروگراممىسىغا قاتناشقاندا، مەزكۇر ئۇچرىشىشنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدە توختالدى.

بىلىنكېن: «پرېزىدېنت بايدىن خىتاينىڭ بىر قىسىم ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئوغرىلاش قاتارلىق بەزى قىلمىشلىرىنىڭ ۋاشىنگتوندا ئەندىشە پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى» دېدى.

بىلىنكېن ئامېرىكانىڭ نۆۋەتتىكى دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك يۈزلىنىشلەردىن بىرى بولغان «ئىتتىپاقداشلار ۋە دوستلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى قايتىدىن كۈچەيتىش» ئىستراتېگىيەسىنىمۇ تەكرار تەكىتلەپ، «ئەگەر بىز ئۆزىمىز بىلەن ئورتاق كۆز قاراشقا ئىگە ۋە بىزگە ئوخشاش ئادالەتسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان دۆلەتلەرنى بىر يەرگە توپلىيالىساق، تېخىمۇ ئۈنۈمدار ۋە كۈچلۈك بولالايمىز، شۇنداق بولغاندا بىز بېيجىڭغا: ‹بۇ يولنى داۋاملاشتۇرالمايسەن، داۋاملاشتۇرساڭ بولمايدۇ› دېيەلەيمىز» دېدى.

ئۇ مەزكۇر پروگراممىدا يەنە «ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا، بىز خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدە تېخىمۇ زالىم ۋە دۆلەت سىرتىدا تېخىمۇ ئۇرۇشقاق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولدۇق» دېگەن ئىبارىلەرنى قوللاندى.

بلىنكېن مەزكۇر پروگراممىدا ئامېرىكانىڭ خىتايغا تۇتقان مەيدانىنى ئىزاھلاپ شۇنداق دېدى: «خىتاي دۇنيادىكى بىز مۇھىم بىلىدىغان ۋە قەتئىي قوغدايدىغان <قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان دۇنيا تەرتىپى>گە بۇزغۇنچىلىق ياكى خىرىس قىلغۇدەك ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك كۈچكە ئىگە بىردىنبىر دۆلەتتۇر. ئەمما، مەن شۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالايمەنكى، بىزنىڭ مەقسىتىمىز خىتاينى چەكلەش ياكى (ئۇنى تەرەققىياتتا) چېكىندۈرۈۋېتىش ئەمەس، بەلكى خىتاي خىرىس قىلىۋاتقان، قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىنى قوغداشتۇر. بىزنىڭ خىتاي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تىرىشماي ئامالىمىز يوق. مەيلى تالاش ـ تارتىش، رىقابەت ياكى ھەمكارلىق جەھەتلەردە بولسۇن، بۇ مۇناسىۋەتتە ھەققىي قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت».

بلىنكېن خىتاينى نەچچە يۈز مىليارد دوللار قىممىتىدىكى «ئەقلىي مۈلۈك ۋە سودا مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلىدى» دەپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، مۇخبىرنىڭ خىتاينى «دۈشمەن» دەپ سۈپەتلەشلىرىگە ئاۋاز قوشماي، خىتاينى «دۈشمەن» دېيىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

بلىنكېن يەنە ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىك كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەربىي توقۇنۇشقا ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. ئۇ مۇخبىرنىڭ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى جىددىيلىكنىڭ ھەربىي توقۇنۇش يۆنىلىشىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «مېنىڭچە بۇ نۇقتىغا كېلىش، ھەتتا بۇ يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىش خىتاينىڭمۇ، ئامېرىكانىڭمۇ مەنپەئەتىگە زىت».

بلىنكېن بۇ سۆزلەرنى قىلىشتىن ئىلگىرىكى ھەپتىدە، ئامېرىكا پىرېزىدېنتى جو بايدېنمۇ دۆلەت مەجلىسىدە قىلغان تۇنجى سۆزىدە ئۆزىنىڭ خىتاي بىلەن توقۇنۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئەمما 21 ـ ئەسىردىكى «ھۆكۈمران كۈچ»لۈك ئورنىنى تالىشىش جەھەتتە خىتاي بىلەن «رىقابەتلىشىشكە تەييار» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

## شەرقىي تۈركىستان

بۇنىڭدىن سىرت، بلىنكېن مەزكۇر پروگراممىدا يەنە بىر قېتىم خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان «2020 ـ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى»نى تونۇشتۇرغاندىمۇ، خىتاينىڭ شەرقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ سۈپەتلىگەندى.

بلىنكېن «ئارىمىزدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە خوڭكوڭدىكى قىلمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار ساھەلەردە تۈپكى ئىختىلاپلار مەۋجۇت. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، (ئۇيغۇر ئاياللىرىنى) مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش قىلمىشلىرىغا؛ ئۇيغۇرلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش، ئۇلارنىڭ كۈلتۈرىنى ۋە (كۈلتۈرەل) مىراسلىرىنى ئىنكار قىلىش ئۇرۇنۇشلىرىغا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھەر خىل باستۇرۇش ۋە زوراۋانلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىغا شاھىت بولدۇق. خىتاي بۇنى <ئۆزۈمنىڭ ئىچكى ئىشى> دەيدۇ. ئەمما، بۇ خىتاينىڭ <ئىچكى ئىشى> ئەمەس. خىتاي <دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى>گە ئىمزا قويغان. بۇ قىلمىشلار مەزكۇر خىتابنامىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر» دېگەن بولسىمۇ، مەزكۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش خۇسۇسىدا، قانداق كونكرېت تەدبىرلەر قوللىنىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق توختالمىدى.

## تەيۋەن

تەيۋەن دائىرىلىرى يېقىنقى ئايلاردا خىتاي ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ تەيۋەن ھاۋا بوشلۇقىغا ئىزچىل مۇداخىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بلىنكېن بۇ يىل تۆتىنچى ئايدا، NBC تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا :«بېيجىڭنىڭ تەيۋەنگە بولغان تاجاۋۇزچى تۇتۇمى ۋە (شۇ سەۋەبلىك) تەيۋەن بوغۇزىدىكى جىددىيلىكنىڭ كۈچىيىشى بىزنى ئەندىشىگە سالماقتا» دېدى.

بلىنكېن يەنە خىتاينى غەربىي تىنچ ئوكياندىكى ۋەزىيەتنى ھەربىي كۈچ بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ئەجەللىك خاتالىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى. شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ ئالاقىدار كېلىشىمگە ئاساسەن تەيۋەننى، غەربىي تىنچ ئوكياننىڭ تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋەدىسىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

بلىنكېندىن يەنە «ئامېرىكا بېيجىڭنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان ھەرىكەتلىرىگە ھەربىي ئىنكاس قايتۇرامدۇ - يوق؟» دېگەن سوئال سورىلىۋىدى، ئۇ پەرەزىي سوئالغا جاۋاب بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «ئەمما بىزنىڭ تەيۋەننىڭ ئۆزىنى قوغدىشىغا ياردەم بېرىش جەھەتتە مۇھىم ۋەدىمىز بار. بىز بۇ ۋەدىلەرگە ۋاپا قىلىمىز. بۇ رامكا ئىچىدە، نۆۋەتتىكى مەۋجۇت ھالەتنى ھەربىي كۈچ بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش ھەركىم ئۈچۈن ئېغىر خاتالىق ھېسابلىنىدۇ» دېيىش بىلەن كۇپايىلەندى.

**بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ تەيۋەن ئەمەلدارلىرى بىلەن تېخىمۇ ئەركىن كۆرۈشەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقارغانىدى.**

**تەھلىلچىلەر ئامېرىكانىڭ بۇ تۇتۇمىنى «تەيۋەن بىلەن رەسمىي تۈس ئالغان ھەرقانداق دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ساقلىنىش ۋە <بىر خىتاي سىياسىتى>نى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق خىتايىنى تىنچلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەيۋەننى يالغۇز تاشلاپ قويمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەكرار ۋەدىلەر ئارقىلىق خىتايىنى تەيۋەنگە كۆز تىكمەسلىككە ئۈندەش ۋە تەيۋەننى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۇرۇنۇشى» دېيىشمەكتە.**

## خوڭكوڭ

**بىلىنكېن CBS تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ پروگراممىسىدا خوڭكوڭ توغرىسىدا شۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ خوڭكوڭنىڭ دېموكراتىيەسىنى قوغداش ۋەدىسى ب د ت نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلگەن. ئەمما خىتاي خوڭكوڭدا دېموكراتىيەنى ئېغىر دەرىجىدە باستۇردى. بۇ خىتاينىڭ ئەنگلىيەدىن خوڭكوڭنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا بەرگەن، (ئەڭ كەمدە) 2047 ـ يىلغىچە ۋاپا قىلىشى كېرەك بولغان ۋەدىسىگە خىلاپ».**

**بىلىنكېن مۇخبىرنىڭ «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خوڭكوڭ ھەققىدە نېمىلەرنى قىلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ؟» دېگەن سوئالىغا، «بىز خوڭكوڭدىكى دېموكراتىيەنى باستۇرۇشقا بىۋاستە مەسئۇل كىشىلەرگە قارىتا تەدبىر قوللىنىمىز، جۈملىدىن ئۇلارغا جازا يۈرگۈزىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئامېرىكاغا كېلىشىنى چەكلەيمىز. مېنىڭچە (خوڭكوڭ توغرىسىدىكى) سوئاللاردىن بىرى شۇكى، خوڭكوڭ بۇ خىل شارائىتتا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە پۇل مۇئامىلە مەركىزىلىك ئورنىنى ساقلاپ قالالامدۇ ـ يوق؟ بەلكىم (خوڭكوڭدىكى) كىشىلەر بېلەت ساندۇقىدا بېلەت تاشلىيالمىسىمۇ، ئۆز خاھىشىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ خىل ۋەزىيەت داۋاملىشىۋەرسە، شىركەتلەر ۋە كىشىلەر چوقۇم بۇنداق مۇھىتتا تىجارەت قىلىشنى خالىمايدۇ. مېنىڭچە (بۇ سەۋەبلىك، خوڭكودا) ئىقتىسادىي كاساتچىلىق كۆرۈلىدۇ. ئەگەر خىتاي دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلسە، خوڭكوڭدىكى قىلمىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ».**

**خوڭكوڭنىڭ نۆۋەتتىكى (ناچارلاشقان) ۋەزىيىتىگە مەسئۇل كىشىلەرگە يېڭى جازا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان بىلىنكېن بۇ باياناتى ئارقىلىق دونالد ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇلتۇر قىلغىنىدەك «خوڭكوڭنىڭ ھازىر سىياسىي جەھەتتە خىتايدىن مۇستەقىل ئەمەسلىكى (يەنى يۈكسەك ئاپتونومىيە دەيدىغان بىر نەرسىنىڭ قالمىغانلىقى)»نى مۇئەييەنلەشتۈردى.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## رۇسىيە

ئامېرىكا ـ رۇسىيە مۇناسىۋەتلىرى رۇسىيەنىڭ 2014 ـ يىلى قىرىمنى بېسىۋېلىشى سەۋەبلىك ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشكەن ۋە ئامېرىكا رۇسىيەگە قارشى بىر قاتار ئېمبارگو يۈرگۈزگەنىدى.

بۇ يىل 2 ـ ئايدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن «ئامېرىكا رۇسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە باش ئېگىدىغان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى» دېيىش ئارقىلىق موسكۋا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە يېڭى دەۋرنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن شەپە بەردى. شۇنداقلا، 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قاتناشقان بىر زىيارەتتە، رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ «قاتىل» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە رۇسىيەنىڭ دونالد ترامپنى سايلامدا يەڭگۈزۈش ئۈچۈن 2020 ـ يىلدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سايلىمىغا مۇداخىلە قىلغانلىقىنى ۋە پات يېقىندا بۇنىڭ ۋابالىنى تېتىيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھالبۇكى، رۇسىيە 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۆز ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئەھۋالىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا ھەربىي مانېۋىرلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھەم شۇنىڭدىن كېيىنلا، رۇسىيەنىڭ ئۆزى بېسىۋالغان قىرىمغا ۋە ئۇكرائىنا چېگراسىغا ئەسكەر ئەۋەتكەنلىكى، ئەۋەتىلگەن ئومۇمىي ئەسكەر سانىنىڭ 100 مىڭدىن ئاشىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنىشى بىلەن، ئامېرىكا بىلەن رۇسىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ھەربىي كۈچ ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ناتو مەزكۇر ۋەزىيەتكە بولغان كۈچلۈك ئەندىشە ۋە ئېتىرازلىرىنى بىلدۈردى. نەتىجىدە، رۇسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى 22 ـ ئاپرېل دۆلەتنىڭ جەنۇب ۋە غەربتىكى ھەربىي رايونلىرىدىكى مانېۋىرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ چېكىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ نىسبەتەن يۇمشىشىغا تۈرتكە بولدى.

ھالبۇكى، ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى بلىنكېن 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى BBC نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، «رۇسىيەنىڭ مەسئۇلىيەتسىز ۋە تاجاۋۇزچى» قىلمىشلىرىغا ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بلىنكېن يەنە رۇسىيەدىكى قاماقتا ئېلىنغان ئۆكتىچى رەھبەر ئالېكسېي ناۋالنىينىڭ ئەھۋالى، رۇسىيە تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان «قۇياش بورىنى» خاككېرلىق ھۇجۇمى ۋە رۇسىيەنىڭ ئامېرىكا سايلىمىغا مۇداخىلە قىلغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئامېرىكانىڭ كۈنتەرتىپىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، شىمالىي قۇتۇپ دۆلەتلىرى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى ئۈچۈن ئىسلاندىيەنىڭ پايتەختى رېيكياۋىكقا كەلگەن بلىنكېن رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لاۋروۋ بىلەن كۆرۈشتى. بۇ بلىنكېن بىلەن لاۋروفنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى، شۇنداقلا جوۋ بايدېن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان ئامېرىكا بىلەن رۇسىيە ئارىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇچرىشىش ئىدى.

بىلىنكېن مەزكۇر ئۇچرىشىشنى ئالدىدا: «بىزنىڭ قارىشىمىز شۇكى، ئەگەر رۇسىيە بىلەن ئامېرىكا رەھبەرلىرى ھەمكارلىشالىسا، دۇنيا تېخىمۇ بىخەتەر بولالايدۇ. ئەمما رۇسىيە بىزگە، شېرىكلىرىمىزگە، ئىتتىپاقداشلىرىمىزغا تاجاۋۇزچىلىق قىلسا، بىز بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرىمىز» دېگەن ۋە ۋاشىڭتوننىڭ موسكۋا بىلەن «مۇلچەرلىگىلى بولىدىغان ۋە مۇقىم» مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

لاۋروفمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن: «ئەگەر بىز سۆھبەتنىڭ سەممىي بولۇشى ۋە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئاساس قىلىشى كېرەكلىكى خۇسۇسىدا ئورتاق پىكىرگە كېلەلىسەك، ھەرقانداق مەسىلە توغرىسىدا ئىستىسناسىز ھالدا ھالدا سۆھبەتلىشىشكە تەييارمىز» دېگەنىدى.

ئۇچرىشىشتىن كېيىن، لاۋروف ئۇچرىشىشنىڭ «ئىجابىي» بولغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «موسكۋا ـ ۋاشىڭتون مۇناسىۋىتىدىكى ساغلام بولمىغان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئورتاق تونۇش مەۋجۇت» دېدى. ۋاشىڭتوننىڭ باياناتىدىمۇ، تەخمىنەن ئىككى سائەت داۋاملاشقان بۇ ئۇچرىشىشنىڭ «ئىجابىي» ۋە «ئۈنۈملۈك» بولغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا باياناتىغا كۆرە، بىلىنكېن لاۋروفقا رۇسىيەنىڭ ۋاشىڭتوننىڭ چېكىنىش ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماستىن، ھېلىھەم ئۇكرائىنا چېگراسىدا زور مىقداردا ئەسكەر تۇرغۇزۇۋاتقانلىقىدىن «چوڭقۇر ئەندىشە» قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

## تۈركىيە

ئامېرىكا بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆپ داۋالغۇشلارنى باشتىن كەچۈردى. بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ سۈرىيەدە تۈركىيەگە قارشى كۇرد قوراللىق كۈچلىرىنى بىۋاستە قوللىشى، تۈركىيەنىڭ بولسا ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبلىرىدىن بىرى بولمىش رۇسىيەدىن S ـ 400 باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى سېتىۋېلىشى ۋە شۇ سەۋەبلىك ئامېرىكانىڭ تۈركىيە بىلەن F ـ 35 تىپلىق رادارغا چۈشمەس كۆرەشچى ئايروپىلان ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى توختىتىپ، ئەسلىدە تۈركىيەگە سېتىپ بېرىشنى پىلانلىغان مەزكۇر تىپلىق ئايروپىلانلارنى ساتمايدىغانلىقىنى جاكارلىشى ۋە تۈركىيەنىڭ ئالاقىدار ساھەسىدىكى كىشىلەرگە ۋە تارماقلارغا ئېمبارگو ئېلان قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ خىل يىرىكچىلىك ئىزچىل پەسەيمەي كەلدى.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى بايدېننىڭ ئىلگىرىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، ۋەزىپىگە ئولتۇرغان دەسلەپكى ئۈچ ئايدا تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەب تاييىپ ئەردوغان بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشمەسلىكى سەۋەبلىك ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ يىرىكلەشكەنلىكى مەلۇم بولغان بولسا، پرېزىدېنت بايدېننىڭ 1915 ـ يىلىدىكى ئەرمەنى ۋەقەسىنى رەسمىي ھالدا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاتىشى تۈركىيەنىڭ، بولۇپ تۈركىيەدىكى ئۆكتىچى پارتىيەلەرنىڭ ۋە خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچرىدى. پرېزىدېنت ئەردوغان بولسا، بايدېننىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» توغرىسىدىكى سۆزىگە «ئامېرىكا پرېزىدېنتى بايدېن سۆزىدە بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى رايونىمىزدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە ئاساسسىز ۋە ئادالەتسىز باياناتلارنى قوللاندى» شەكلىدىكى مۆتىدىل ئىبارىلەرنى قوللىنىش بىلەن چەكلەندى.

ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى بلىنكېن تېخى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، «تۈركىيە رۇسىيەدىن قورال سېتىۋېلىشنى توختىتىشى كېرەك، بولمىسا يېڭى جازالارغا دۇچار بولىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلۇ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندە «ئورتاق مۇھىم كۈنتەرتىپلەر خۇسۇسىدا، ئىتتىپاقدىشىمىز تۈركىيە بىلەن بولغان ھەمكارلىقنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشى ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى. بلىنكېننىڭ بۇ تۇتۇمى تەھلىلچىلەر تەرىپىدىن «ئامېرىكا ئۆزى ئۈچۈن جۇغراپىيە، ئىستراتېگىيە جەھەتلەردە خېلى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۈركىيەنىڭ ئۆزىدىن يىراقلىشىپ، رۇسىيە بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. ئەمما تۈركىيەنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈنلا، تۈركىيەنىڭ رايىغا بەك قاراپمۇ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر تەرەپتىن ئېمبارگو يۈرگۈزۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى <ئىتتىپاقداشلىق>نىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت ئىككى بىسلىق سىياسەت يۈرگۈزمەكتە. ھالبۇكى، ئامېرىكا - كۇرد مۇناسىۋىتى، تۈركىيە - رۇسىيە مۇناسىۋىتى قاتارلىق ھالقىلىق نۇقتىلاردا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگۈچە، تۈركىيە - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە قويۇقلىشىشى، ھەتتا نورماللىشىشىدىن ئۈمىد ئانچە زور ئەمەس» دەپ شەرھلەندى.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى



# بۆرەك ئاسراشتىكى سەككىز خىل ئۇسۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۆرەك ساغلاملىقى توغرىسىدا زۆرۈر ساۋاتلار

## ئومۇمىي چۈشەنچە

بۆرىكىمىز كۆكرەك بوشلۇقىمىزنىڭ ئاستىغا، ئومۇرتقىمىزنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان مۇشت چوڭلۇقىدىكى ئىككى دانە ئەزادۇر. ئۇ بىر قانچە خىل فۇنكسىيەگە ئىگە.

ئەڭ مۇھىمى، بۆرىكىمىز قېنىمىزدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى، ئارتۇق سۇ ۋە باشقا بۇلغانمىلارنى سۈزۈپ بېرىدۇ. مەزكۇر كېرەكسىز ماددىلار دوۋسىقىمىزدا ساقلىنىپ، ئاندىن سىيدۈك ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىۋېتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۆرىكىمىز بەدىنىمىزدىكى كىسلاتالىق - ئىشقارلىق دەرىجىسىنى، تۇز ۋە كالىي مىقدارىنى تەڭشەيدۇ. ئۇ يەنە قان بېسىمىنى تەڭشەيدىغان ۋە قىزىل قان ھۈجەيرىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى تىزگىنلەيدىغان ھورمون ئىشلەپچىقىرىدۇ.

بۆرىكىمىز يەنە بەدىنىمىزنىڭ سۆڭەك تەرەققىياتى ۋە مۇسكۇللىرىنىڭ ئىقتىدارىنى تەڭشەش ئۈچۈن كالتسىي سۈمۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان بىر خىل ۋىتامىن D نى جانلاندۇرۇشقا مەسئۇل.

بۆرەك ساغلاملىقىنى قوغداش سىزنىڭ ئومۇمىي ساغلاملىقىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بۆرىكىڭىز ساغلام بولسا، بەدىنىڭىز كېرەكسىز ماددىلارنى توغرا رەۋىشتە سۈزۈپ، چىقىرىپ تاشلىيالايدۇ ۋە ھورمون ئىشلەپچىقىرىپ، بەدىنىڭىزنىڭ نورمال ئىشلىشىگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

تۆۋەندىكىلەر بۆرىكىڭىزنىڭ ساغلاملىقىغا ياردەم بېرىدىغان بىر قانچە چارىدۇر:

## 1. ھەرىكەتچان بولۇڭ

قەرەللىك چېنىقىشنىڭ ئورۇقلاشتىنمۇ باشقىمۇ نۇرغۇن پايدىلىرى بار. ئۇ سوزۇلما بۆرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى تۆۋەنلىتىدۇ. شۇنداقلا يەنە قان بېسىمىنىمۇ تۆۋەنلىتىدۇ ۋە يۈرەك ساغلاملىقىڭىزنى ياخشىلايدۇ. ھالبۇكى، قان بېسىمىنىڭ نورمال بولۇشى ۋە يۈرەك ساغلاملىقى بۆرەكنىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا تولىمۇ مۇھىمدۇر.

چېنىقىشنىڭ پايدىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن چوقۇم مارافونچە يۈگۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. پىيادە مېڭىش، يۈگۈرۈش، ۋېلسىپىت مىنىش، ھەتتا قالايمىقان سەكرەپ - تاقلاشمۇ سالامەتلىككە پايدىلىق. ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان كۆڭۈللۈك چېنىقىش تۈرىدىن بىرنى تېپىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىش تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ.

### 2. قان شېكىرىڭىزنى تىزگىنلەڭ

دىئابىت كېسىلىگە ياكى يۇقىرى قان شېكىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ بۆرىكى زەخىمگە ئۇچرىشى مۇمكىن. بەدىنىڭىزدىكى ھۈجەيرىلەر قېنىڭىزدىكى گلۇكوزا (شېكەر)دىن پايدىلىنالمىسا، بۆرىكىڭىز قاننى سۈزۈش ئۈچۈن ئارتۇقچە ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۆرەك يىللار بويى ئاشۇ رەۋىشتە «جاپالىق» ئىشلەپ كەتسە، بۇ ھاياتنى تەھدىتكە ئۇچرىتىدىغان زەخىملەرگە يول ئاچىدۇ.

ھالبۇكى، قان شېكىرىڭىزنى تىزگىنلىيەلىسىڭىز، بۆرىكىڭىزنىڭ زەخىملىنىش خەۋپىنى ئازايتالايسىز. شۇنداقلا، بۆرەكنىڭ زەخىملەنگەنلىكى بالدۇر بايقالسا، دوختۇرىڭىز قوشۇمچە زىياننى ئازايتىش ياكى ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنالايدۇ.

### 3. قان بېسىمىڭىزنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇڭ

يۇقىرى قان بېسىم بۆرەكنى زەخىمگە ئۇچرىتىدۇ. ئەگەر يۇقىرى قان بېسىمى دىئابىت، يۈرەك كېسىلى ياكى يۇقىرى خولېستېرىن قاتارلىق ساغلاملىق مەسىلىلىرى بىلەن تەڭ كۆرۈلسە، بەدىنىڭىزگە بولغان تەسىرى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

ساغلام قان بېسىمى ئۆلچىمى 120/80 دۇر. يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى قان بېسىمى مۇشۇ نۇقتا بىلەن 139/89 نىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىنى ئۆزگەرتىش بۇ باسقۇچتا قان بېسىمىڭىزنى تۆۋەنلىتىشىڭىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئەگەر قان بېسىمىڭىز ئىزچىل 140/90 دىن يۇقىرى بولسا، يۇقىرى قان بېسىمغا گىرىپتار بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. قان بېسىمىڭىزنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش، تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىش ۋە دورا يېيىش قاتارلىق مەسىلىلەردە دوختۇر بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇڭ.

### 4. بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنى قەرەللىك ئۆلچەپ، ساغلام ئوزۇقلىنىڭ

بەدەن ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەن ياكى سېمىز كىشىلەر دىئابىت، يۈرەك كېسىلى ۋە بۆرەك كېسىلى قاتارلىق بۆرەككە زىيان يەتكۈزىدىغان بىر قاتار كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ.

ناترىي، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن گۆش ۋە بۆرەككە زىيان يەتكۈزىدىغان باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ مىقدارى ئاز بولغان ساغلام يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش بۆرەكنىڭ زەخىملىنىش خەۋپىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ. گۈلكەرەم («چېچەكسەي» دېگەن ئىسمدا تونۇلغان كۆكتاتنىڭ ئۇيغۇرچە توغرا ئاتىلىشى، ت)، قىزىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېيقىزۇمى، بېلىق، دانلىق زىرائەت قاتارلىق ناترىي مىقدارى تۆۋەن بولغان تەبىئىي، يېڭى يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئەھمىيەت بېرىڭ.

### 5. سۇنى كۆپ ئىچىڭ

تولا تەكرارلىنىپ قۇلاقلارغا يادا بولۇپ كەتكەن «ھەر كۈنى سەككىز ئىستاكان سۇ ئىچىش» تەۋسىيەسىنىڭ ئارقىسىدا ئاللىقانداق كارامەت يوق دېگەن تەقدىردىمۇ، ئەمما بۇ سىزنى سۇ ئىچىپ تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى ياخشى نىشاندۇر. قەرەللىك ھالدا، ئىزچىل سۇ ئىچىپ تۇرۇش بۆرەككە پايدىلىق.

سۇ بۆرەكتىكى ناترىي ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى تازىلاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ يەنە سوزۇلما بۆرەك كېسەللىكى گىرىپتار بولۇش خەۋپىڭىزنى تۆۋەنلىتىدۇ.

ھەر كۈنى كەم دېگەندە 1.5 دىن 2 لىترغىچە سۇ ئىچىشكە ئادەتلىنىڭ. زادى قانچىلىك سۇغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭىز ئاساسلىقى سالامەتلىك ئەھۋالىڭىز ۋە تۇرمۇش ئادىتىڭىزگە باغلىق. كۈندە قانچىلىك سۇ ئىچىشنى پىلانلىغاندا ھاۋا رايى، چېنىقىش ئەھۋالىڭىز، جىنسىڭىز، ئومۇمىي ساغلاملىق ئەھۋالىڭىز، (ئەگەر ئايال كىشى بولسىڭىز) ھامىلدار ياكى ئەمىسلىكىڭىز، بالا ئېمىتىۋاتقان ـ ئېمىتمەيۋاتقانلىقىڭىز قاتارلىق ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇشىڭىز كېرەك.

ئىلگىرى بۆرىكىگە تاش چۈشكەن كىشىلەر كەلگۈسىدە يەنە بۆرىكىگە تاش چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سۇنى نورمال ئۆلچەمدىن بىرئاز كۆپرەك ئىچىشى كېرەك.

### 6. تاماكا چەكمەڭ

تاماكا چېكىش قان تومۇرلىرىڭىزنى زەخىملەندۈرىدۇ. بۇ پۈتۈن بەدىنىڭىزدىكى قان ئايلىنىشنى ۋە قاننىڭ بۆرىكىڭىزگە يەتكۈزۈلۈشىنى ئاستىلىتىۋېتىدۇ.

تاماكا چېكىش بۆرەك راكىغا گىرىپتار بولۇش خەۋپىڭىزنىمۇ كۆچەيتىۋېتىدۇ. ئەگەر تاماكىنى تاشلىسىڭىز، بۇ خەۋپ تۆۋەنلەيدۇ. ھالبۇكى، ئەزەلدىن تاماكا چەكمىگەن ئادەمنىڭكىدەك (تۆۋەن) خەۋپ دەرىجىسىگە قايتىشقا نۇرغۇن يىل كېتىدۇ.

### 7. ئىستېمال قىلغان رېتسېپسىز دورىلىرىڭىزنىڭ (OTC) مىقدارىغا دىققەت قىلىڭ

ئەگەر قەرەللىك ھالدا رېتسېپسىز ئاغرىق توختىتىش دورىسى ئىستېمال قىلسىڭىز، بۆرىكىڭىز زەخىملىنىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاغرىق، باش ئاغرىقى ياكى بوغۇم ياللۇغى قاتارلىقلارغا قارىتا، ئايبيۇپروفېن (ibuprofen) ۋە ناپروكسېن (naproxen) قاتارلىق غەيرىي سىلىروئىدلىق ياللۇغ قايتۇرۇش دورىلىرىنى دائىم ئىستېمال قىلسىڭىز، بۇ بۆرىكىڭىزنى زەخىملەندۈرۈشى مۇمكىن.

بۆرەكتە مەسىلە يوق كىشىلەر بۇ خىل دورىلارنى ئاندا ـ ساندا ئىستېمال قىلسا ھېچقانچە زىيىنى بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، بۇ دورىلارنى كۈندە يېسىڭىز، بۆرىكىڭىز زەخىملىنىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز (ئاللىقانداق كېسەللىكلەر سەۋەبلىك) ئاغرىق توختىتىشقا موھتاج بولسىڭىز، بۆرەك ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، دوختۇر بىلەن پاراڭلىشىڭ.

## 8. بۆرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىڭىز يۇقىرى بولسا، بۆرەك ئىقتىدارىڭىزنى تەكشۈرتۈڭ

ئەگەر بۆرەك زەخىملىنىش ياكى بۆرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىڭىز يۇقىرى بولسا، قەرەللىك ھالدا بۆرەك ئىقتىدارىڭىزنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇڭ. قەرەللىك ھالدا بۆرەك تەكشۈرتۈش تۆۋەندىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ۋە زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن:

- 60 ياشتىن ئاشقانلار
- تۇغۇلغاندا بەدەن ئېغىرلىقى ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولغانلار
- ئۆزىدە ياكى ئائىلىسىدىكىلەردە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى بارلار
- ئۆزىدە ياكى ئائىلىسىدىكىلەر يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار
- سېمىز كىشىلەر
- بۆرىكىنىڭ زەخىملەنگەن بولۇشىدىن گۇمانسىرايدىغانلار

بۆرەك ئىقتىدارىنى قەرەللىك تەكشۈرتۈش بۆرەكنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى بىلىش ۋە كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولغان ئۆزگىرىشلەرنى بايقاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر. ھەر قانداق زىياننى ئالدىن بايقاش كەلگۈسىدىكى زىياننى ئاستىلىتىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

### چاتاق چىققاندا

يىگىرمە ياشتىن يۇقىرى ھەر ئون ئامېرىكالىقنىڭ ئىچىدە بىردىن كۆپ كىشىدە بۆرەك كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى بار. بەزى بۆرەك كېسەللىكى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ، يەنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىبى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېغىرلايدۇ. بۆرىكىڭىز قاندىكى كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتەلمەس بولۇپ قالسا، ئۆز رولىنى يوقاتقان بولىدۇ.

نەتىجىدە بەدىنىڭىزدە جۇغلىنىپ قالغان كېرەكسىز ماددىلار ئېغىر مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قېنىڭىزنى قان سۈزۈش ئاپپاراتى ئارقىلىق سۈنئىي سۈزۈشكە، ياكى بۆرەك ئالماشتۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

## بۆرەك كېسەللىكلىرىنىڭ تۈرلىرى

### سوزۇلما بۆرەك كېسىلى

بۆرەك كېسەللىكىنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلىرىدىن بىرى سوزۇلما بۆرەك كېسىلىدۇر. سوزۇلما بۆرەك كېسەللىكلىرىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى يۇقىرى قان بېسىمىدۇر. بۆرىكىڭىز بەدىنىڭىزدىكى قاننى توختىماي بىر تەرەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ھەر مىنۇتتا ئومۇمىي قان مىقدارىڭىزنىڭ يىگىرمە پىرسەنتى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

يۇقىرى قان بېسىم بۆرىكىڭىز ئۈچۈن خەتەرلىك، چۈنكى ئۇ بۆرەكنىڭ ئىقتىدار بىرلىكى بولغان بۆرەك شارچىلىرىنىڭ (glomerulus) بېسىمىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل يۇقىرى بېسىم بۆرەكنىڭ سۈزۈش ئۈسكۈنىسىنى زەخىملەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

شۇ رەۋىشتە، ئەڭ ئاخىرىدا بۆرەك ئىقتىدارى زەئىپلىشىپ، ئۆز فۇنكسىيەسىنى نورمال جارى قىلدۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالىدۇ - دە، قان سۈزدۈرمىسىڭىز بولمايدۇ. قان سۈزۈش ئاپپاراتى قېنىڭىزدىكى سۇيۇقلۇق ۋە ئەخلەتلەرنى سۈزۈپ چىقىرىۋېتەلەيدۇ، ئەمما بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەل قىلىش چارىسى ئەمەس. ئاخىرىدا، سىز بۆرەك كۆچۈرۈشكە موھتاج بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما بۇ سىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىڭىزغا باغلىق.

دىئابېت سوزۇلما بۆرەك كېسەللىكلىرىنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تىزگىنلەنمىگەن قاندىكى شېكەر مىقدارى بۆرەك شارچىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، بۇمۇ بۆرەك زەئىپلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### بۆرەككە تاش چۈشۈش

بۆرەككە تاش چۈشۈشمۇ كۆپ كۆرۈلىدىغان بۆرەك كېسەللىكلىرىدىن بىرىدۇر. قېنىڭىزدىكى مىنېرال ۋە باشقا ماددىلار بۆرەكتە كرىستاللىشىپ، قاتتىق زەررىچىلەر ياكى تاشلارنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن، بۇلار ئادەتتە سىيدۈك ئارقىلىق بەدىنىڭىزدىن چىقىپ كېتىدۇ.

بۆرەكتىكى تاشنى چىقىرىۋېتىش جەريانى بەكلا ئازابلىق بولىدۇ، ئەمما بۇ ئادەتتە ئېغىر مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ.

## بۆرەك شارچىلىرى ياللۇغى

بۆرە شارچىلىرى ياللۇغى بۆرەك ئىچىدىكى قان سۈزۈشكە مەسئۇل مىكرو قۇرۇلما بولغان بۆرە شارچىلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشىدۇر. بۆرە شارچىلىرى ياللۇغى يۇقۇملىنىش، دورا، تۇغما بىنورماللىق ۋە ئۆزلۈكىدىن ئىممۇنتلىنىدىغان كېسەللىك قاتارلىقلار سەۋەبىدىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خىل ئەھۋال ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىشى ياكى ئىممۇنولوگىيىلىك چەكلەش دورىلىرى (immunosuppressive medications) ئىشلىتىشنى تەقەززا قىلىشى مۇمكىن.

## كۆپ خالتىلىق بۆرەك كېسىلى

يەككە بۆرەك خالتىسى ئىششىقى بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ ۋە ئادەتتە خەتەرسىز بولىدۇ. ئەمما كۆپ خالتىلىق بۆرەك كېسىلى پەرقلىق، ئېخمۇ ئېغىر كېسەللىكتۇر.

كۆپ خالتىلىق بۆرەك كېسەللىكى ئىرسىيەت خاراكتېرلىك بولۇپ، نۇرغۇن خالتىلىق ئىششىقنى، يۇمىلاق سۇيۇقلۇق خالتىلىرىنىڭ بۆرەكنىڭ ئىچىدە ۋە يۈزىدە ئۆسۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۆرەكنىڭ نورمال فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇشقا دەخلى قىلىدۇ.

## سۈيدۈك يولى ياللۇغى

سۈيدۈك يولى ياللۇغى سۈيدۈك ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىسىنىڭ ھەر قانداق يېرىنىڭ باكتېرىيەدىن يۇقۇملىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولىنىڭ يۇقۇملىنىشى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلارنى ئادەتتە ئاسان داۋالىغىلى بولىدۇ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاقىۋەتلىرى بار دېيەلەندىمۇ، ناھايىتى ئاز.

ھالبۇكى، بۇ يۇقۇملىنىش ۋاقتىدا داۋالانمىسا، بۆرەككە تارقىلىپ، بۆرەك زەئىپلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.healthline.com/health/kidney - health#risks



# خىتاي دۇچ كەلگەن نوپۇس كرىزىسى

# خىتاي دۇچ كەلگەن نوپۇس كرىزىسى

خىتاينىڭ يەتتىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئالدىنقى ھەپتە ــــ ئەسلى چېسلادىن بىر ئاي كېچىكتۈرۈلۈپ ــــ ئېلان قىلىندى. گەرچە كېچىكتۈرۈلۈشنىڭ كونكرېت سەۋەبى ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ پاسسىپ سىياسىي تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالماقتا. نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەر مەزكۇر سانلىق مەلۇماتقا ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن دەپ قارايدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى- نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسى- ئۆزگەرتكەن تەقدىردىمۇ، لېكىن بۇ يەنىلا خىتاينىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان نوپۇس ۋەزىيىتىنى تولۇق يوشۇرۇپ قالالمىدى. بۇ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە كۆرە، خىتاينىڭ 2020 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليارد 410 مىليون بولۇپ، 2010 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا 5.4 پىرسەنت ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 0.53 پىرسەنت بولغان ۋە بۇ نىسبەت شۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئون يىل (2000 ~ 2010)دىكىدىن 0.04 پىرسەنت تۆۋەن بولغان. خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان 2020 ـ يىللىق دۆلەتلىك ئىسىم دوكلاتىغا كۆرە، بۇلتۇر خىتايدا تىزىمغا ئالدۇرغان يېڭى تۇغۇلغان بالا سانى 10 مىليون 35 مىڭ بولغان. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، خىتاي دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى 2016 ـ يىلى 17 مىليون 860 مىڭ بالىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرىلىگەنىدى. بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن خىتايدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردا شىددەت بىلەن تۆۋەنلىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

گەرچە ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ قانچىلىك نوپۇسقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ئۆلچەم بولمىسىمۇ، ياشلارنىڭ ياشانغانلارغا قارىغاندا كۆپ بولۇشىنىڭ دۆلەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىكەنلىكى ئېنىق. خىتاينىڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا قاراپ مېڭىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ھازىرقى تۇغۇلۇش نىسبىتى ئومۇمىي نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى قېرىلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا يېتەمەيدۇ. خىتاي ئاللىقاچان «ئوتتۇراھال قېرىلىشىش» باسقۇچىغا كىرىپ بولدى. لېكىن، مەسىلە شۇكى، بۇ ياشانغانلارنىڭ قولىدا تېخى (خىزمەت قىلمىغان ئەھۋالدا قالغان ئۆمرىگە يەتكۈدەك) يېتەرلىك بايلىق يوق. خىتاينىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP سى تېخى ئەمدى 10 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇ خىتاينى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن بەكلا ئارقىدا قالدۇرۇپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاينىڭ نوپۇسى نىسبەتەن ياش بولغان بەزى دۆلەتلەردىنمۇ ئارقىدا قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتايدا ھۆكۈمەتنى تۇغۇت چەكلىمىسىنى تامامەن بىكار قىلىشقا ئۈندەيدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى 2016 ـ يىلىغىچە پۇقرالارنىڭ ئىككىنچى پەرزەنتلىك بولۇشىغا تولۇق يول قويماي كەلدى. 2016 ـ يىلدىن بۇرۇن، بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتى 40 يىلغا يېقىن ئىجرا قىلىندى. گەرچە بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتىنىڭ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولغان ـ بولمىغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما مەزكۇر سىياسەتنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىشىنىڭ سان ـ ساناقسىز كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىنسانىيلىق پاجىئەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدا شەك يوق.

خىتاي 1978 ـ يىلى بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويغاندا، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر پارچە ئوچۇق خېتىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى: « نوپۇسنىڭ نۆۋەتتىكى شىددەتلىك كۆپىيىش ۋەزىيىتى پەسەيگەندە، ئوتتۇز يىل ئىچىدە باشقىچە نوپۇس سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ ».

ئۇنداقتا، 2008 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەنى بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ ئوتتۇز يىل بولغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى نېمىشقا يۇقىرىدىكى ۋەدىسى بويىچە، بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش چەكلىمىسىنى بىكار قىلمىدى؟ بۇنىڭدا سىياسەتنىڭ ئىنېرتسىيەسى بەلگىلىك رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما تېخىمۇ مۇھىمى بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى سىياسىي ئامىل نەزەردە تۇتۇلغان. بىرى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نوپۇسنى تىزگىنلەش ئارقىلىق خەلقنى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پىلانى؛ يەنە بىرى، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ خىتايدىكى «ئاز سانلىق مىللەت»لەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىغا بولغان تەشۋىشى.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىدىغان بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتىنىڭ داۋاملىشىشىنى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» باھانىسى ئارقىلىق يوللۇقلاشتۇرۇشقا موھتاج ئىدى. بۇ نوقۇل ھالدا شى جىنپىڭنىڭلا خىيالى بولماستىن، دېڭ شياۋپىڭدىن جياڭ زېمىن ۋە خۇ جىنتاۋغىچە، ھەر بىر خىتاي رەھبىرى ئاشۇ خىل چۈشەنچىدە بولۇپ، ئۇلار بىردەك ھالدا «نامراتلىقنى تۈگىتىش خىتاي ئىسلاھاتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى» دەپ قارايتتى. ئارىدىكى بىردىنبىر پەرقى شۇكى، شى جىنپىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ خىزمەتلىرى ئاساسىدا نامراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئېنىق ۋاقىت جەدۋىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇنىسى روشەنكى، شى جىنپىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بوشىتىلىشىنىڭ خىتاينىڭ 2021 ـ يىلىغىچە نامراتلىقنى تۈگىتىش نىشانىغا يېتىشكە توسقۇنلۇق قىلىشىدىن، ھەتتا خەلقنىڭ

قايتىدىن نامراتلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نامراتلىقنى ئومۇميۈزلۈك تۈگىتىش شى جىنپىڭنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتى ۋە ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ئىقتىدارىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىسى تامامەن بىكار قىلىنغان تەقدىردە، «ئاز سانلىق مىللەت»لەرنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ۋە شۇ سەۋەبلىك دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى مىللىي تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىپ، خىتاي جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى «تەھدىت»كە ئۇچرىتىشىدىن، ئاخىرىدا دۆلەتنىڭ يىمىرىلىشىغا سەۋەب بولۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

خىتايدا بالا بېقىش تەننەرخى شىددەت بىلەن ئۆرلەۋاتقانلىقتىن، نۇرغۇن خىتايلار پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى خالاپ كەتمەيدۇ. خىتايلارنىڭ نۇرغۇنى ئۈچىنچى، ھەتتا ئىككىنچى پەرزەنتلىك بولۇشنىمۇ خالىمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئوخشىمىغان دىنىي كۆز قاراش ۋە پەرزەنتلىك بولۇش ئادىتىگە ئىگە مىللەتلەر تېخىمۇ كۆپ باللىق بولۇشنى خالايدۇ. شۇڭلاشقا، بىر ئائىلىنىڭ قانچە پەرزەنتلىك بولسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا چەكلىمە بولمىغان تەقدىردىمۇ، خىتايلار ئۆزىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇشنى خالاپ كەتمەيدۇ (ئۇلارنىڭ تۇغۇش نىسبىتى يەنىلا نىسبەتەن تۆۋەن ھالەتنى ساقلايدۇ)، ئەمما بۇ خىل ئەھۋالدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇش نىسبىتى ئىزچىل يۇقىرى ھالەتتە بولىدۇ.

خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا كۆرە، بۇ خىتايدىكى (ئاتالمىش) «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»نى تەھدىتكە ئۇچرىتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي كومپارتىيەسى بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق ئىككى خىل تەدبىر قوللانغان: بىرىنچىدىن، ئۇ (ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش) «بۆلگۈنچى» مىللەت ئەزالىرىنىڭ خالىغانچە باللىق بولۇشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، مەملىكەت مىقياسىدا پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىسىنى تولۇق بىكار قىلمىدى. ئىككىنچىدىن، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇت چەكلەش ئۈچۈن رەھىمسىز تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مۇسۇلمان ئاياللارغا نۇقتىلىق ھۇجۇم قىلدى. خىتاي كومپارتىيەسى بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۇلارغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەسىر كۆرسىتىدىغان رەۋىشتە ئۆزگەرتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا ۋەھشىي تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنىشى سەۋەبلىك، تۇغۇلۇش نىسبىتى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتتى.

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان ماقالىسىگە كۆرە، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياللارغا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈسكۈنىسى سالدۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەندە، يېشى قىرىقتىن ئاشقان قەلبىنۇر سىدىق ئۆزىگە بۇ جەھەتتە كەڭچىلىك قىلىنىشىنى ئۈتۈنگەن. ئۇ خىتاي دائىرىلىرىگە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ تۇغۇت چەكلىمىسىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى ۋە پەقەت بىرلا بالىسى بارلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، خىتاي دائىرىلىرى ئۇنىڭغا داۋاملىق قارشىلىق قىلغان تەقدىردە، قولغا ئېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سالغان. باشقا تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغان قەلبىنۇر «مەلۇم بىر

ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسغا بارغان، دوختۇر مېتال جۇپتەك ئارقىلىق، ئۇنىڭغا بالىياتقۇسغا تۇغۇت چەكلەش ئۈسكۈنىسىنى سالغان». قەلبىنۇر سىدىق بۇ جەرياندا يىغىسىنى تۇتۇۋالالمىغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن خىتايدىن قېچىپ چىققان بولۇپ، ھازىر گوللاندىيەدە ياشاۋاتىدۇ.

بۇ يامان غەرەزلىك سىياسەت ۋە قىلمىشلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنى، ھەتتا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى يوقىتىۋېتىشتىن ئىبارەت رەزىل نىيىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. خىتاينىڭ 2020 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ دەھشەتلىك رېئاللىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، خەلقئارا جەمئىيەت، ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇقتا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ تېخىمۇ كۆپ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.newsweek.com/chinas - approaching - demographic - crisis - opinion - 1591698



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار: نوپۇس ۋە نوپۇز

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار: نوپۇس ۋە نوپۇز

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

«ئادەمنىڭ ماھىيىتى سىياسى ھايۋاندۇر» ـ ئارىستوتېل

غەربتىكى دېموكراتىك ئەللەردە بىر مىللەت ياكى مەلۇم ئورتاق تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە جەمئىيەت توپلۇملىرى نوپۇسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ئۇلارنىڭ شۇ دۆلەتتىكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنى ۋە سىياسىي نوپۇزىنى بەلگىلەيدۇ. دېموكراتىك ئەللەر ئۆز پۇقرالىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلىرىنى بىردەك قانۇن ئارقىلىق قوغدايدىغان بولۇپ، بولۇپمۇ ئىرقىي كېلىپ چىقىشىڭىز ياكى رەڭگىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ بارلىق پۇقرالىق ھوقۇقلىرىڭىز قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدۇ. سىزنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلەرگە، تەشكىلات ۋە پارتىيىلەرگە قاتنىشىش، بىرەر سىياسىي پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىش، جۈملىدىن سايلاش ۋە سايلىنىش قاتارلىق پۇقرالىق سىياسىي ھوقوقلىرىڭىز تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولىدۇ.

تېخىمۇ تەپسىلىيرەك ئېيتساق، ئۆز دۆلەتلىرىدىكى دىكتاتورلۇق تۈزۈم، مۇقىمسىز ھاكىمىيەت ياكى ھاكىمىيەتتىكى ھەربىي ۋە سىياسىي ئۆزگۈرۈشلەر، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقلىرى، نامراتلىق، تۈرلۈك ئىنسان ھەق-ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبلىك غەرب ئەللىرىگە كېلىپ  پاناھلىق تىلىگەن ياكى كۆچمەن بولۇپ يەرلەشكەن مىللەتلەر سانىنىڭ ئاز- كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ شۇ دۆلەتتىكى سىياسى ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلىرىنىڭ ۋەكىللىك قىلىنىشىغا، مەنپەئەتىنىڭ ئۆزلىرى كۆچمەن بولغان دۆلەتتە ۋە كۆچۈپ كەلگەن ئەسلى دۆلەتلىرىدە ئوخشاشلا قوغدىلىنىشىغا روشەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىك قىممەت قاراشلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۇستىگە قۇرۇلغان غەربتىكى قانۇن دۆلەتلىرىدە، ھەر بىر ئادەمنىڭ سايلاش ھوقۇقى شۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي پارتىيىلىرىگە، سىياسەتچىللىرىگە ۋە سىياسىي تۈزۈملىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم ھەر بىر ئادەم بىر سىياسىي ئاۋازلىق، سىياسىي بېلەتلىك رولىنى ئوينايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ھەقتە بۈگۈنىمىزدىن 2400 يىل بۇرۇن تەپەككۇر قىلغان گىرك پەيلاسوپى ئارىستوتىل، مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى «ئادەم سىياسى بىر ھايۋاندۇر» دەپ شەرھلىگەن ئىدى. بۇ قاراش 21 ـ ئەسىردە، ئىرقى. كېلىپ چىقىشى. ئۇيغۇر مىللىتى. بولغانلىقى. ئۈچۈنلا خىتاي دۆلىتىنىڭ سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراۋاتقانلىقى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ «سىياسىي ھايۋان» ئىكەنلىكى خىتاينىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى تۈپ يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرى» دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

بۇ قاراش يەنە شۇنى تېخىمۇ ئىزاھلايدۇكى، «ئۇيغۇر» دېمەك، دۇنيانىڭ نەزىرىدە ياشاش ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان، دۇنيادا ئەڭ ئېغىر ئابرويسىزلاندۇرۇلغان، خورلانغان «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» زىيانكەشلىكىگە ئۇچۇرغۇچى بىر مىللەت دەپ قارالسا، ئۇنىڭ زېمىنىنى، ۋەتىنىنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك تېررىتورىيىسى قىلىۋېلىش ئۈچۈن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي فاشىست ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن ھەر بىر ئۇيغۇر سىياسەت، يەنى ئۇلتۇرۇپ يوق قىلىش ئوبيېكتى دېمەكلىكتۇر.

ئۇيغۇر ۋەتىنى ۋە ئۇنىڭ 1944 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان، شىمالدىكى «3 ۋىلايەت» نى ئاساس قىلىپ تىكلەنگەن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھاكىمىيىتى، 1949 ـ يىلى ستالىن ۋە ئۇنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ بىۋاستە ھەربىي مۇداخىلە قىلىشى، ماۋزېدوڭنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە ھەربىي ياردەم بېرىپ قوللىشى ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدىكى زىددىيەتلىك مىللىي مەپكۇرە ئىختىلاپلىرىدىن كېلىپ چىققان ئۆز ـ ئارا ئىچكى جېدەللەر قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ۋەيران قىلىنىپ، 2 ـ قېتىم خىتاينىڭ رەسمى بىر مۇستەملىكە قىلىنغان ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇلدى. شۇنىڭدىن بۇيان مىڭلىغان ۋە ئونمىڭلىغان ئۇيغۇرلار تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۆز ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ چەت مەملىكەتلەردە پاناھلىق تىلەپ، سۈرگۈندە ياشاشقا مەجبۇر بولسا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ تۈرمىلىرىدە، جازا لاگېرلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مەھبۇسلارغا ئايلاندى.

مانا شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قازاقىستان ۋە تۈركىيىدە ئۇيغۇر مۇھاجىرلار توپلۇملىرى شەكىللەندى. بولۇپمۇ قازاقىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى شۇ دۆلەتتە ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، بۈگۈنكى نوپۇسى 5 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ئاز ـ سانلىق مىللەت سۈپىتىدە مۇكەممەل مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ مىساللار يەنە قىرغىزىستان ۋە ئۆزبەكىستاندىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرەت توپلۇملىرىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

تۈرلۈك سىياسىي زۇلۇملار سەۋەبلىك، مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان مىللەتلەر ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ موھتاجلىقتىن باشقا دۆلەتلەرگە كۆچمەن بولۇپ كېلىشى، تەبىئىيكى ئۇلارنىڭ كۆچمەن تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، ئادەم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، ھەم ئۇلارنىڭ شۇ كۆچۈپ كەلگەن دۆلەتتىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرىغا، جەمئىيەتلىشىشى قاتارلىق تۈرلۈك ئىمتىيازلىرىغا، ئۇلارنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت ئورپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشى قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق ساھەلىرىگە بىۋاستە تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرەت توپلۇملىرىدىن كېيىن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇيغۇر كۆچمەنلەر توپلۇمى تۈركىيىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىلىشىچە، تۈركىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلار سانىنىڭ تەخمىنەن 40 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مۆلچەرلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان كۆچمەن بولۇش تارىخ ناھايىتى قىسقا بولۇپ، بىر ئەسىردىن ھالقىمايدۇ. ھازىرغا بىرقەدەر، دەسلەپكى قەدەمدە مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن، ئۇيغۇر مۇھاجىرەت جەمئىيەت توپلۇملىرىنى شەكىللەندۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ مىساللىرى سۈپىتىدە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى، ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنى مىسال قىلالايمىز.

دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى رايون ۋە دۆلەتلەرگە مەركەزلىك تارقالغان:

قازاقىستاننى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى

تۈركىيە ئۇيغۇر كۆچمەنلەر

ياپونىيە ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى

ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېللاندىيە ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى

پاكىستان ۋە ئافغانىستان ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى

ئوتتۇرا شەرق ۋە مىسىر ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى

ياۋروپا ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى

شىمالىي ئامېرىكا ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى

موسكۋانى مەركەز قىلغان روسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى

دېمەك، بۇ يەردە شۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدىكى، تەخمىنەن بىر مىليونغا يېقىن دەپ پەرەز قىلىنىغان ئۇيغۇر ئومۇمىي مۇھاجىرەت توپلۇملىرىنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەرگە سىڭىشىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، شۇ دۆلەتنىڭ سىياسەت ۋە ھاكىمىيىتىگە قاتنىشالىدىمۇ؟ ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ شۇ دۆلەتتىكى مەنپەئەتى ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىمۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىمۇ، خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئېنىق نوپۇسىنى ئىگىلەشتە قىيىن بولغىنىغا ئوخشاشلا، ئۇدۇل جاۋاب بېرىش تەس بولغان سوئال بولۇپ، ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئەھۋالى، سىياسىي تۈزۈلمىسى، قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە دېموكراتىيەلىشىشىنىڭ سەۋىيىسى قاتارلىق ئامىللار بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھاجىرەتتىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دەپ قارىلىدىغان قازاقىستاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقى،

هاكىمىيەتكە قاتنىششى، ھوقۇقتىن تەڭ ۋە ئادىل بەھرىلىنىشى قاتارلىق خەلقئارالىق ئۆلچەملەر كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىغان.

گەرچە بەزى مەنبەلەردە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 1 مىليون ئارتۇق دەپ مۆلچەرلەنسىمۇ ئەمما ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يەنى 2009-يىلى قازاقىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان نوپۇس ستاتىستىكىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 224،713 بولۇپ، پۈتۈن قازاقىستان نوپۇسىنىڭ 1،4 % ئىگەللەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

گەرچە تۈركىيىگە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولۇپ، ئۇلار يېرىم ئەسىرلىك كۆچمەنلىك تارىخىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيىنىڭ سىياسىتىگە قاتنىشىش، پارتىيىلىرگە قاتنىشىپ پارلامېنت ئەزاسى بولۇشى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئەمەلگە ئاشمىغان.

يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىدەك، كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىك قىممەت قاراشلارنى ھىمايە قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان غەربتىكى قانۇن دۆلەتلىرىدە سىياسەتكە قاتناشماقچى بولغان كۆچمەنلەر ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نىسبەتەن، ئەگەر سىياسىي رىقابەتكە چۈشەلىسە، شۇ شەخسنىڭ كىشىلىك ئىقتىدارى ھەممىنى بەلگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرقىي كېلىپ چىقىشى ۋە رەڭگى بىر مەسىلە سۈپىتىدە قارالمايدۇ ۋە شۇنداق قارالسا «ئىرقىي كەمسىتىلىش» بىلەن ئەيىبلىنىدۇ ۋە ھوقۇقى قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدۇ. ئەگەر بىر كۆچمەن ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولسا، ئۇنىڭ سىياسىي ھوقۇقى، سىياسىي پارتىيىلەرگە ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى شۇ دۆلەتنىڭ سىياسەتچىلىرىگە ۋە سىياسىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇر مۇھاجىرلار سانى ئەڭ كۆپ بولغان، ئۇيغۇرلار بىلەن ئىرقىي، مەدەنىي ۋە دىنىي ئورتاقلىقى بار تۈركىي خەلقلەر دۆلىتى قازاقىستان بىلەن تۈركىيىنى غەربتىكى ئۇيغۇر بىلەن ھېچ بىر ئىرقىي ۋە مەدەنىي باغلىنىشى بولمىغان دېموكراتىك دۆلەتلىرىدىن ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلىرىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈشىدىكى پەرقلەرنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇنىڭ دەلىللىرى سۈپىتىدە ئەنگلىيەنى مىسال قىلىپ كۆرەيلى.

تۆۋەندە بىر دۆلەت رەھبىرىنىڭ، ئۆز دۆلىتىدىكى كۆچمەنلەرگە ۋە ئۇلار كۆچۈپ كەلگەن دۆلەتنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇش كۈنىنى قۇتلۇقلاپ ئېيتقان سۆزلىرى كىشىنى ئويلارغا سالىدۇ. بۇمۇ ئەلۋەتتە نوپۇسىنىڭ ئۆز كۆچىنى كۆرسىتىۋاتقان نوپۇزىدۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا 300 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىي جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ۋە قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن «قۇياش پاتماس ئىمپېرىيە»نىڭ ۋارىس دۆلىتى بولغان بۈيۈك بېرىتانىيىنىڭ باش مىنىستىرى بورىس جونسون 2021-يىلى 26-مارت كۈنى بېنگالنىڭ پاكىستاندىن ئايرىلىپ مۇستەقىل دۆلەت بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلىدى ۋە مۇنداق دېدى «بۈگۈن بېرىتانىيىدە ئالتە يۈز مىڭدىن ئارتۇق بېنگاللىق بېرىتانىيىلىكلەر ياشايدۇ. ئۇلار بېرىتانىيە جەمئىيىتى ئۈچۈن ھەر كۈنى ناھايىتى كۆپ قىممەتلەرنى يارىتىدۇ. بولۇپمۇ بىزنىڭ دۆلەتلىك سەھىيە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساغلاملىق ساھەلىرىمىزدە خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان دوختۇر ۋە سېسترالار دۆلىتىمىز ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ھەسسىنى قوشۇۋاتىدۇ...»

دېمەك پۈتۈن بىرتانىيەدە ئالتە يۈز مىڭدىن بېنگال پۈشتىدىن بولغانلار بىرتانىيىسكىلەر ياشايدۇ. يەنە بىر يېرىم مىليون ئەتراپىدا پاكىستانلىق بىرتانىيىلىكلەر ياشايدۇ. جۈملىدىن لوندوندا 2000 دىن ئارتۇق سانى ئاز مىللەتلەر ياشايدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەت 2000 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ مىللەتلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇلدى ۋە 2019 ـ يىلىدىن بۇيان بىرتانىيىدىكى سانى ئەڭ ئاز ئەمما 2017 ـ يىلىدىن بۇيان خىتاينىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كىشىلەر بىلىدىغان، ئۆلۈم ئالدىدا جان قايغۇسىدا تىترەۋاتقان بىر بىچارە خەلققە ئايلاندى. خىتاينىڭ 21 ـ ئەسىردىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراۋاتقان «ئۇيغۇر» ناملىق مىللەت نەسلىدىن بولغان ئۇيغۇرجانلار بىرتانىيىدە ئەڭ كۆپ ھېسابلانسىمۇ چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 500 ئەتراپىدا چىقىشى مۇمكىن.

بۈيۈك بىرتانىيىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى، خان جەمەتىنىڭ سىمۋوللۇق پادىشاھلىق ۋارىسلىق قىلىش ئەنئەنىسى ئاساسىدىكى كۆپ پارتىيە ۋە پارلامېنتلىق، لىبېرال ۋە كونسېرۋاتىپلىق ئۇنىۋېرسال قىممەت قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلەشمە پادىشاھلىق (خاندانلىق) بولۇپ، ئەنگلىيە، ۋەلس، شىمالىي ئىرلاندىيە ۋە شوتلاندىيە قاتارلىق تۆت كىنەزلىكتىن تەركىپ تاپقان.

بۈيۈك بىرتانىيىنىڭ 2020 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 68 مىليون 150، 730 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە كىنەزلىكىنىڭ نوپۇسى 56 مىليون بولۇپ، پۈتۈن دۆلەت نوپۇسىنىڭ 84.3% نى تەشكىل قىلىدۇ. شوتلاندىيىنىڭ نوپۇسى 5.46 مىليون، ۋەلسنىڭ نوپۇسى 3.15 مىليون، شىمالىي ئىرلاندىيىنىڭ نوپۇسى 1.89 مىليون. بۇ نوپۇس ستاتىستىكىسىدا يەنە كۆرسىتىلىشىچە، پۈتۈن بىرتانىيىدە 500 مىڭدىن ئارتۇق تۈركلەر ياشايدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 1974 ـ يىلى يۈز بەرگەن تۈركىيە ۋە قىبرىس ئۇرۇشىدا ئەنگلىيىنىڭ قىبرىستىكى ھەربىي تېررىتورىيىسىگە كېلىپ پاناھلىق تىلەپ، تەخمىنەن 300 مىڭدىن ئارتۇق تۈركلەر شۇ يىللاردا ئەنگلىيىگە كەلگەن ئىكەن. سان جەھەتتىن تۈركلەردىن كېيىن تۇرۇدىغىنى خىتايلار نوپۇسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقنى خوڭكوڭدىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئىگىلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سانى 433.15 كىشى ۋە پۈتۈن بىرتانىيە نوپۇسىنىڭ 0.7% تەشكىلى قىلىدىكەن. دۆلەتنىڭ 2019 ـ يىللىق ستاتىستىكىسىدا، بىرتانىيىنىڭ ئەنگلىيە ۋە ۋەلس كىنەزلىكىدىكى ئاق تەنلىك بولمىغان سانى ئاز ئاسىيا، ئافرىقىلىق، ئەرەب ۋە بارلىق ئاز سانلىق ئېتنىك مىللەتلەر، ئارىلاشما قانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ پۈشتىدىن بولغانلار سانىنىڭ 8 مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ نوپۇسى 48 مىليوندىن ئارتۇقراق سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەنگلىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ 2019 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىسىدا، ئەنگلىيە ۋە ۋەلس كىنەزلىكلىرىدىكى ئاق تەنلىك بولمىغان سانى ئاز ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئاز سانلىق ئېتنىك مىللەتلەر پۈشتىدىن بولغانلارنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىشى، يەرلىك پارتىيىلەرگە ئەزا بولۇپ قاتنىشىپ، پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغانلار سانىنىڭ 78 ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بىرتانىيە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۆلىتىنى قايتا

قۇرۇش دولقۇنىدا «ئەنگلىيە ئىتتىپاقى» (The Commonwealth) غا ئەزا بولغان - (يەنى سابىق بېرتانىيە ئىمپېرىيىسىگە تەۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر) كارىبئان ئارال دۆلەتلىرى (Caribbean)، پاكىستان (Bangladesh) ۋە ھىندىستان قاتارلىق دولۆتلەردىن ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئىشچى كۆچمەنلەر قوبۇل قىلغان ۋە شۇ يىللاردا نەچچە مىليون كۆچمەنلەر بېرتانىيەگە كېلىپ يەرلەشكەن.

ئەپسۇس، ئۆتكەنكى ئىككى ئەسىردىن بۇيان خىتاي ۋە روس ئىمپېرىيىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىك سىياسىي كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلالماي، روھى تەكلىماكانغا دۈملىنىپ ياشىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇبارەك مىللەت نامى «ئۇيغۇر» كىملىكى ۋە ئۆزلۈك ئىپتىخارىنىمۇ تونۇپ يېتىشكە قادىر بولالمىغان، 21 - ئەسىردىكى خىتاينىڭ ئەڭ قەبىھ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر ناملىق مىللەتكە، ھىندىستان ۋە پاكىستانلىقلارغا ئوخشاش تەرەققىي قىلغان غەربكە كۆچۈش، پەرزەنتلىرىنى يوقىرى مائارىپ تەربىيىسى بىلەن تەربىيلەپ چوڭ قىلىش، دۇنيانى چۈشىنىش ۋە ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش پۇرسەتلىرى نېسىپ بولمىغان ئىكەن.

دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار ناھايىتى تەقۋادار «مۇسۇلمان» بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىختىن بۇيان سەئۇدى، تۈركىيە ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىگە ھىجرەت قىلىپ تۇرغان ۋە شۇ دۆلەتلەردە ياشىغان. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە غەرب "مۇسۇلمان" دۆلەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداق ئەللەرگە بېرىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار مائارىپ تەربىيەلىرىنى قوبۇل قىلىشقا رايى بارمىغان. مانا بۇ خىلدىكى، تاكى بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە دۇنيانى پەقەت «مۇسۇلمان ۋە كاپىر» دەپلا ئىككى مىللەت ۋە قۇتۇپقا ئايرىپ چۈشىنىۋېلىشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلى، يەنە بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، خىتاي ئىستىبدات ئىشغالىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ چېگرىسىنى 30 يىلدىن ئارتۇق تاقىۋېتىشى سەۋەبلىك، ئۇيغۇرلارنىڭ غەرب دۆلەتلىرىگە كۆچمەن بولۇپ كېلىشى 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئاندىن باشلانغان بولسىمۇ، 2000 - يىللىرىدىن باشلاپ تاكى 2016 - يىلىغىچە سانى بىر قەدەر تېز سۈرئەتتە ئېشىپ ماڭغان.

ئەمما، ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلغان كۈچلۈك ۋە دېموكراتىك دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنىسىمۇ، ئەمما بۇ سانىنى ئەنگلىيىدە ئالتە يۈزمىڭ مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى ۋە مۇئەييەن سىياسىي نوپۇزى بار بولغان بېنگال كۆچمەنلىرى بىلەن ياكى بىر يېرىم مىليون نوپۇسى بار بولغان پاكىستان كۆچمەنلىرى بىلەن، ھەتتا 80 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار قوشنىمىز ئافغانىستاندىن كەلگەن ئافغان كۆچمەنلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

غەرب دېموكراتىك ئەللىرىدە نوپۇس - شۇ كۆچمەن مىللەتنىڭ مەزكۇر دۆلەتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي نوپۇزلىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئەقەللىي ياشاش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىنسانىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرى تارتىۋېلىنىپ، ئەڭ قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن خارلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە، ئەڭ ئاز بولغاندا 100 مىڭ، كۆپ بولغاندا 1 مىليون نوپۇسى ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيەدەك غەربتىكى بىرەر كۈچلۈك ۋە دېموكراتىك دۆلەتلەردە ياشىغان بولسا، «خىتاي بۈگۈنكى "ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى" نى قورقماي ئېلىپ بارالاتتىمۇ؟» دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمايمىز. بۇ رېئاللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەبىئىيكى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان بىر مىللەت توپلۇملىرى نوپۇسىنىڭ ئاز- كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ شۇ دۆلەتتىكى نوپۇزىنى تىكلەشتە «ئادەم ئامىلى بىرىنچى» لىك رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەردە بىزنىڭمۇ كۇردلەردەك ياۋروپا دۆلەتلىرىدە 1 مىليون 300 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسىمىز، كەسپىي سىياسەتچىلىرىمىز ۋە ئون نەچچىلىگەن پارلامېنت ئەزالىرىمىز بولسا ئىدى، نەتىجە قانداق بولار ئىدى؟ شۇڭا، ئەگەر تۈركىيىدە ياكى سۈرىيەدە كۇردلەرگە قارشى بىرەر ئىش بولسا، ئۇلار ياۋروپانى بېشىغا كىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازىنى تولۇق ئاڭلىتىشقا قادىر بولالايدۇ. بۇ دېمەك نوپۇسنىڭ سىياسىي نوپۇز بولۇپ رول ئوينىشىدۇ.

ئۇنداقتا، ماڭا ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ئەنگلىيىدىكى كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ بېرتانىيە سىياستىدىكى تەسىرى ۋە رولىغا قاراپ باقايلى. ئەگەر بىز ئۇيغۇرنىڭمۇ ئەنگلىيىدە بېنگاللىقلارغان ئوخشاش يېرىم مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسىمىز بولغان بولسا، ئەڭ ئاز بولغاندا ئۇيغۇردىن 10 ئەتراپىدا پارلامېنت ئەزالىرىمىز بولغان بولسا، 2017-يىلىدىن بۇيان كۆپ ھەركەتلەرنى ئېلىپ بارغان، خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق چۆچۈتكەن بۇگۈنكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى نۇسرەت غېنىدەك نەچچىلىگەن سىياسەتچىللىرى بولغان بولاتتى. ئۇلار «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى» نى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە پارلامېنتىدا نەچچە قېتىم سۆزلىگەن، پارلامېنتتا نەچچىلىگەن «ئۇيغۇر قانۇن» لىرىنى ماقۇللىتىپ، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختۇتۇشقا ئالاھىدە ھەسسىلەر قوشۇقان بولاتتى.

مۇھاجىرەتتە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ۋە سىياسىي نوپۇزىنىڭ يەنە بىر مىسالى سۈپىتىدە ئامېرىكىلىق يەھۇدىلارنى كۆرستەلمەيمىز. قىسقا قىلىپ ئېيتساق، ئامېرىكىلىق يەھۇدىلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ سىياستىگە، بولۇپمۇ ئىسرائىلىيە ۋە پەلەستىن مەسلىسىگە، ئىسرائىلىيە ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر سىياسەتلەر بەلگىلەشلەردە قانچىلىك كۈچلۈك تەسىر كۆرستەلەيدىغانلىقى، پۈتۈن دۇنياغا ھېچ بىر سىر ئەمەس.

خوش، ئۇنداقتا مەزلۇم ئۇيغۇرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ تارتىۋاتقان كۈلپەتلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ 22- ئاپرېل ئەنگلىيە پارلامېنتىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسانلىققا قارشى جىنايەتلىرىنى «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» دەپ ئېتىراپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ كۆپ ھەسسىسىنى قوشقان ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزاسى، ئۇيغۇرلارنىڭ دوستى نۇسرەت غېنى خانىم كىم بولىدۇ؟ ئۇنداقتا بىز نۇسرەت خانىمنىڭ ھاياتى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇش ئارقىلىق، بۇ تېممىزغا ئائىت بىر قىسىم سۇئاللىرىمىزغا جاۋابلار تاپالايمىز.

نۇسرەت غېنى (Nusret Ghani)، تولۇق ئىسمى- فامىلىسى نۇسرات مۇنىر ئۇ ئى-غانى بولۇپ (Nusrat Munir UI-GHani)، ئۇ ھازىر ئەنگلىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى، شەرقىي سۇسسەكس بۆلگىسى ۋىلدېن رايونىغا ۋەكىللىك
( Wealden in East Sussesx)قىلىدۇ. ئۇ 2018-يىلىدىن 2020-يىلىغىچە بۈيۈك بېرتانىيە پارلامېنتى

دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى تارمىقىدىكى ئاۋئاتسىيە ۋە دېڭىز قاتناش ئىشلىرىغا مەسئۇل پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

نۇسرەت خانىم 1972-يىلى 1-سېنتەبىر پاكىستان كونتروللۇقىدىكى ئازات كەشمىردە بىر كەشمىرى ئائىلىسىدە توغۇلغان. نۇسرەت غېنى ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزالىرى ئىچىدە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۇستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى پارلامېنتتا تەنقىدلەش ۋە جازا لاگېرلىرىنى تاقاش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلار كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا يۈرگۈزۈلگەن جىنسىي خورلۇقلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ ھەم بېرتانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئومۇمىي يۈزلۈك ئېلىپ بېرىۋاتقان جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىشى ئۈچۈن ئەڭ كۆپ ھەركەت قىلغان بىر مۇسۇلمان پارلامېنت ئەزاسى ۋە سىياسەتچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۈيۈك بېرتانىيىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى ئادىللىق، ئوچۇق-ئاشكارىلىق، دېموكراتىك ۋە لىبېرالىزملىق سىياسىي مۇھىتى ئاستىدا، نۇسرەت غېنى خانىمغا ئوخشاش بىر يېرىم مىليوندىن ئارتۇق پاكىستان نەسلىدىن بولغان بېرتانىيىلىكلەر ئىچىدىن 10 نەچچە پارلامېنت ئەزاسى ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشىپ، ئاكتىپ رول ئويناپ كەلگەن ۋە بۇنىڭ مىساللىرى سۈپىتىدە يەنە لوندون شەھرىنىڭ شەھەر باشلىقى سادىقخاننى، سابىق مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ھۆكۈمەتنىڭ 2- نومۇرلۇق باشلىقى Chancellor ساجىد جاۋىد ئەپەندىلەرنى كۆرستەلەيمىز.

يۇقۇرىدىكى مىساللار مۇھاجىرەت توپلۇملىرىنىڭ نوپۇسى ۋە ھازىرقى ئومۇمىي ۋەزىيىتى پەقەت ئەنگلىيىگىلا قارىتىلغان بىر سېلىشتۇرما بولماستىن بەلكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى غەرب دېموكراتىك ئەللىرى نەزەرگە ئېلىنغان. بۇ، يەنى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ كۆچمەن نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكىدىن كېلىپ چىققان ئىجابىي سىياسىي نوپۇز بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقى ۋە تەشكىلى قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرەت توپلۇملىرىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۆزىمىزنىڭ نەقەدەر سىياسىي نوپۇزسىز ئىكەنلىكىمىزدەك رېئاللىق بىزنى ئاچچىق ئويلارغا چۆمدۈرىدۇ. غەربتە كۆچمەن بولۇپ يەرلەشكەن مىللەتلەرنىڭ قانداق ئۇسۇلدا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەسۇرانە ھەركەتلىرى، بولۇپمۇ ئامېرىكىدا ئۆتكەنكى يىللاردىن بۇيان باشلاپ ئەۋجى ئېلىۋاتقان ئامېرىكىلىق قارلارنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىدە «ساقچىلارنىڭ زوۋاۋانلىقى» قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ھوقۇق ۋە ئادالەت تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرى، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان نيۇيورك كوچىللىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋاتقان «ئاسىيالىقلارغا قارشى ئۆچمەنلىكنى توختىتىش» ھەركەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىزگە نوپۇس ۋە نوپۇستىن ھاسىللانغان سىياسىي نوپۇزنىڭ ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرلىگەن ھالدا تونۇتىدۇ، بىزنى ئۇلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن كۈرەش جەريانلىرى، قوللانغان ئۇسۇللىرى ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەملىكىگە ئايلانغان ئۆز ۋەتىنىدە بولسۇن، ياكى مۇئەييەن سالماقتىكى نوپۇسقا ئىگە بولغان ئەمما تېخىچە ئۆزىنىڭ سىياسىي نوپۇزىنى تىكلىيەلمىگەن ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

مۇھاجىرەت توپلاملىرى ئۇچۇن بولسۇن، بۇ خىلدىكى ئەھۋاللادىن ئۆزىمىزدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتلەرگە ئىگە.

ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاندىن ھەر كۈنى ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان شۇم خەۋەرلەر، ئىنسانلىق ۋە ئادەمىيلىكتىن مەھرۇم بولغان، ھايات قىلىش، بىر جىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ قاراڭغۇ جازا لاگېرلىرىدا ياشاۋاتقان مىليونلىغان بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، خەلقىمىزنىڭ ئۆتكەنكى ئەسىردە ئۆتكۈزگەن نادانلىق ۋە جاھىللىقى، ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى ئەۋلادلار تۆلەۋاتقان بەدەللەر يۈرەكلىرىمىزنى نادامەت ئوتلىرىدا كۆيدۈرىدۇ. بەزىدە ئاچچىق نىدا ۋە ھەسرەتلەر ئىچىدە تولغىنىپ تۇرۇپ شۇنداق ئويلاردىمۇ بولىمىزكى كاشكى، «ئەگەر بىز ئۇيغۇرلار 1950 ـ يىللىرىدا مۇسۇلمان دۆلەتلەر دەپ تۈركىيە ۋە سەئۇدى قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە بارماي، پاكىستان ۋە بېنگالىقلاردەك، ھەتتا ئافغانلاردەك غەربكە يۈرۈش قىلغان بولساق، بۈگۈنكى مۇھاجىرەتتىكى ئەھۋالىمىز باشقىچە بولار ئىدى...» دەپ ئۆكسىنىمىز.

دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇر مۇھاجىرلار توپلۇملىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يەنە بىر سەزگۈر مەسىلە خىتاي كۆچمەنلىرى بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2017 ـ يىلى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيا بويىچە خىتايدا تۇغۇلغان خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئومۇمى سانى تەخمىنەن 10 مىليوندىن ئارتۇق ئىكەن ئەمما تەيۋەن خىتاي مۇھاجىرلار ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ دوكلاتىدا، خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئومۇمى كۆچمەن نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 45 مىليون ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئۇلار ھەتتا سىنگاپوردەك خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئاساس قىلغان، نوپۇستىن بەرپا بولغان سىياسىي نوپۇزى، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل بىر دۆلىتىنى قۇرۇشقىمۇ مۇۋەققەت قىلغان. خىتاي كۆچمەنلىرى ئاساسلىقى شىمالىي ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كۆچۈپ بارغان بولۇپ، شۇ دۆلەتلەردە بىر مۇكەممەل ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە جەمئىيەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

بۇ يەردە خىتاي كۆچمەنلىرى توغرىسىدا توختىلىشتىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، گەرچە ئۇلار ئەسىرلەر بۇرۇن غەرب ئەللىرىگە كۆچمەن بولۇپ كېلىپ يەرلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرى ياشىغان شۇ دۆلەتتىكى دېموكراتىك ۋە ئىنسان ھەقلىرى قىممەت قارىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ھەل قىلغۇچلۇق پەيتكە كەلگەندە خىتاي دۆلىتى ۋە خىتاي مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ ئالدىغا قويۇپ ھىمايە قىلىدىغانلىقى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. يېقىندا ھوللاندىيە پارلامېنتىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن تۈرلۈك زۇلۇم ـ ستەملىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، مەزكۇر دۆلەتتىكى خىتاي كۆچمەنلىرىگە تەۋە 20 دىن ئارتۇق جەمئىيەتلەر بىرلىكتە باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمىگەنلىكىنى، شۇڭا ھوللاندىيە پارلامېنتىنىڭ بۇ قارارىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلىپ باياناتى ئېلان قىلغان ۋە بۇ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىنسانلىققا قارشى ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى ئاقلىغان ئىدى.

دېمەك بىز، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرىنى تەبىئىيكى نەزىرىمىزدىن ھېچ بىر ۋاقىت ساقىت قىلالمايمىز. خىتاينىڭ «ئۇيغۇر ئىرقىي

قىرغىنچىلىقى» سەۋەبىدىن كۆنسايىن خەلقئارالىشىۋاتقان ئۇيغۇر كرىزىسى نېگىزلىك پەللىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، بىۋاستە چەتئەللەردىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» رەت قىلىش ئۈچۈن دۇمباق چېلىشىدەك پاسسىپ تەسىرىدىن خالىي بولالمايدۇ چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا دۆلىتى بولغان خىتاي دۆلىتىنىڭ كۈچلىنىشىنى، خەلقئارادىكى ئىناۋەت ۋە ئابرويىنىڭ ئېشىشىنى ئارزۇ قىلىسا قىلىدۇكى ھەرگىزمۇ غەرب ئەللىرىدەك ئىنسانلىق مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەققانىي ھوقۇقىنى قوغداشتا ھېسداشلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ ۋە بىلدۈرگەن تەقدىردىمۇ بۇ خىلدىكى جەمئىيەت ۋە شەخسلىرى كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. بۇمۇ نوپۇستىن شەكىللەنگەن سىياسىي نوپۇز ۋە ئىمتىياز بولۇپ، ھەر بىر ئۇيغۇر مۇھاجىرەت توپلاملىرىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ.

قىسقىسى، ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن (يەنى ئورتاق تىل ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشايدىغان خەلقى ۋە دۆلىتىدىن) ئايرىلىپ كۆچمەن بولغان مىللەتلەردە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت، تىل ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىنى ساقلاپ قېلىشىدا، ھەم شۇ كۆچمەن بولغان دۆلەتتە مۇكەممەل بىر «ئاز سانلىق مىللەت» سالاھىيىتىگە ئىگە جەمئىيەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە، ئۇلارنىڭ نوپۇسى ـ شۇ دۆلەتتىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ بەلگىلىنىشىدە ئەڭ ئاساسلىق ئامىل بولىدۇ. غەربتىكى دېموكراتىك قانۇن ـ تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، جۈملىدىن ھەر بىر پۇقرا سىياسەتتە بىر سىياسىي ئاۋاز، بىر سىياسىي بېلەتلىك رولىنى ئوينايدۇ.

بىز ئۆزىمىزمۇ ئانچە ياخشى چۈشۈنۈپ كەتمەيدىغان بېنگال ۋە پاكىستانلىق مۇسۇلمانلار، بۇ نۇقتىنى بىزدىن ياخشى بىلىپ يەتكەن بولغاچقا، ئالاھەزەل يېرىم ئەسىر بۇرۇنلا ناھايىتى كۆپ ساندا غەرب ئەللىرىگە كۆچۈشكە باشلىغان ئىكەن. گەرچە ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلاردەك مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كېلەچەك تەرەققىياتىنى ۋە شۇ دۆلەتتە ئېرىشىدىغان ئەۋزەل پۇرسەتلەرنى، بولۇپمۇ پەرزەنتلىرىنى ياخشى مائارىپ تەربىيىسىدە تەربىيىلەشنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن ئىكەن. ئەپسۇس، ئۇيغۇرلاردەك «بىز مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەرگە بارمايمىز...» دېمەستىن، نەچچە يۈزمىڭلاپ ھەتتا مىليونلاپ ئەنگلىيىگە كۆچمەن بولۇپ كېلىپ يەرلىشىپتىكەن.

خۇلاسە:

ھالبۇكى، 72 يىل ئۇيغۇر ۋەتىنىنى مەستەملىكە قىلغان خىتاي كوممۇنىست مىللەتچى ۋە ئىرقچى ھاكىمىيىتى، ئۆزىنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقان مۇستەملىكىسىنىڭ ئۇزاققا قالماي گۇمران بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ زېمىنىنىڭ ھەق ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ۋەتىنىدە مەجبۇرى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن يوقۇتۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ زېمىنىنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك تېررىتورىيىسىگە ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە دۇنيادىكى ئەڭ قەبىھ زۇلۇملارنى سېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ 2017 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر زېمىنىدا 2000 دىن ئارتۇق جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، 3 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا ئاز ساندىكى تۈركى خەلقلەرنى بۇ جازا لاگېرلىرىغا سولاپ، مېڭە يۇيۇش ۋە ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەقلىي، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن خورلاش، ئۆلتۈرۈش جىنايەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، مىللىتىمىزگە سېلىنغۋاتقان زۇلۇمنىڭ قەبىھلىكىنى نەچچە ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى.

گەرچە، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، تۈركىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار، مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ زۇلۇمنى، بولۇپمۇ ئۆز ئائىلىسىگە كېلىۋاتقان قورقۇنۇچلۇق تراگېدىيىلەرنى غەرب ئاخباراتلىرىغا ۋە ھۆكۈمەتلىرىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ جاسارەت ۋە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، دۇنيا، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرى خىتاي يۈرگۈزۈۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە خىتاينىڭ ئىنسانلىققا قارشى ئۆتكۈزۈۋاتقان جىنايەتلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن تەدرىجىي ھالدا جازا تەدبىرلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا، كانادا، ھوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى ۋە پارلامېنتلىرىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان جىنايەتلىرىنى «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى» دەپ ئېتىراپ قىلىشىدەك زور نەتىجىلەر يارىتىلدى. بۇنىڭدا تەبىئىيكى غەرب ئەللىرىدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرەت تەشكىلاتلىرىنىڭ نوپۇسى ۋە سىياسىي نوپۇزلىرى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ خىتاي زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۆز ئاۋازىنى چىقىرىش ئىمكانىيەتلىرى پۈتۈنلەي بوغۇلغان ئەھۋالدا، ئاز سانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ، مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قىرغىنچىلىقلارنى ئاڭلىتىشى ۋە ئۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن نەتىجىلەر بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ھۆر ۋە ئەركىن غەرب دۆلەتلىرىدە ياشىشىنىڭ ئۆزىلا، ئۆز نۆۋىتىدە مىللىتىنىڭ مەپكۇرىسى ۋە مۇنەققەرز قىلىنغان ۋەتىنى ئۈچۈن ھەر بىرسىنىڭ ۋەتىنىدىكى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئاۋازىنى چىقىرىشتىن مەھرۇم قىلىنغان خەلقىنىڭ سىياسىي ئاۋاز بولالايدىغانلىقىنى، كەلگۈسىدە بۇ ئاۋازنىڭ نەچچە ھەسسىلەپ كۆچىيىشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز ھەممىمىز ئۈمىد قىلىدىغان بىر ئەمەلىيەتكە ئايلانغۇسى.

بۇ دۇنيا مەنپەئەت دۇنياسىدۇر. خىتاي ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيا سىياسىي بازىرىدىكى باھاسىمۇ كۈنسايىن ئۆرلىمەكتە. خىتاينىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى باشلانغاندىن بۇيان، ئەڭ ئەقەللىسى، گەرچە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي مىللەت بولسىمۇ، ئەمما دۇنيادىكى مۇسۇلمان ئاھالىلىرى كۆپ سانلىققا ئىگە «مۇسۇلمان» دۆلەتلەر بولسۇن ياكى بىز ئىرقىي قېرىندىشىمىز دەپ بىلگەن تۈركىي دۆلەتلەر بولسۇن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، قانداق تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭ ئىرقىي كېلىپ چىقىشىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ۋەياكى تارىختا قاندا مىللەت بولۇپ ياشىغانلىقلىرىنى ئويلىشىش ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئاۋۋال خىتايدىن كېلىدىغان مەنپەئەتنى ئويلىشىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىگە شېرىك بولۇپ سۈكۈتتە تۇرۇش يولىنى تاللىدى. ئۇلار ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىدا سۈكۈتتە تۇرسا ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىن قانداق مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى، ئەگەر قارشى تۇرسا قانداق مەنپەئەتلەردىن قۇرۇق قالىدىغانلىقلىرىنى

نەچچە مىڭ قېتىملاپ مەنپەئەت تارازىلىرىغا سېلىپ، ئاندىن ئۆز مەۋقەسىنى بىلدۈرىدى ۋە بىلدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ھازىرچە ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارىتا ئىنسانلىقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بىز ئۇيغۇرلار شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇيغۇر بوۋاقىنىڭ قاتارا ... ئۇيغۇر بۇگۈن ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا ئۇچراپ، بىر مىللەت سۈپىتىدە يەر يۈزىدىن يوق بولۇپ كېتىش خەۋپىدە تۇرىۋاتقاندا، «خىتاي، ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەرھال توختات!» دەپ ئۇيغۇر بىلەن ئىنسانلىقتا ۋە ئادالەتتىنىڭ سېپىدە تۇرغان غەرب ئەللىرىدىن باشقا ئۇيغۇرنىڭ دوستى يوقتۇر. ئەلۋەتتە، كەمدە كەم، قايسى دۆلەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇيغۇرنىڭ ھەققىنى قوغدىسا، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان جىنايەتلىرىگە قارشى ئېنىق مەيداندا تۇرسا، ئۇلار بىزنىڭ دوستىمىز چۈنكى ئۇيغۇرنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەتنى قوغداش، ھىمايە قىلىش ۋە بۇ دۇنيادا ئۆز ئىززىتى، غۇرۇرى بىلەن ئۆز ۋەتىنىدە ھور ياشاش ھوقۇقى بار. بۇ ھەق ـ ھوقۇقلار ئۇيغۇر ئۈچۈن مۇقەددەسدۇر.

شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ، خىتاينىڭ قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ خورلانغان ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش، مۇستەملىكە قىلىنغان ۋەتىنىدە ھۆر ۋە مۇستەقىل ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىپ بىخەتەر ياشىشى ئۈچۈن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشنى تاللاشى لازىم. بىز دەپسەندە قىلىنغان ھوقۇقىمىزنى، ئىشغال قىلىنغان ۋەتىنىمىزنى خىتايدەك بىر دۆلەتتىن قايتۇرۇپ ئېلىش كۈرىشى قىلىۋاتىمىز. شۇڭا بىز غەربنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ سېپىدە بىللە تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن قوللاشلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىللە غەرب دېموكراتىك قانۇن ۋە پرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئۆز ھەق ۋە ھوقۇقلىرىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىنى تاللاشتىن باشقا تاللاش يولى يوق ۋە بۇ يول ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى توغرا بولغان تاللاشلارنىڭ بىرىدۇر.

جۈملىدىن، ئامېرىكا ۋە كانادا يېقىندا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان سىستېمىلىق ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، تۈركىيە ۋە تايلاندنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كۆچمەن قىلىپ قوبۇل قىلىش ھەققىدە بەزى ئىجابىي قەدەملەرنى ئېلىنىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا مەيلى تايلاندىكى تۈرمىلەردە ئازاب چېكىۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى ئىستانبۇلنىڭ كوچىلىرىدا سەرسانلىقتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئامېرىكا ۋە كانادادەك بىخەتەر دۆلەتلەرگە كۆچمەن بولۇپ قوبۇل قىلىنىشى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى بىر مائارىپ تەربىيىسىگە ئېرىشىشى، ئەلۋەتتە ئۇيغۇر مۇھاجىرەت توپلۇملىرىنىڭ نوپۇسى ۋە نوپۇزىنى كۈچلەندۈرۈشتە ئىجابىي روللارنى ئوينايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى غەربكە قارشى خاھىشتىن ۋە ئىسلام دىنى سۈيىئىستېمال قىلىنغان «سىياسىي ئىسلام» دىن، تۈرلۈك ئاشقۇنلۇق ھەرىكەتلىرىدىن ئۆزلىرىنى يىراق تۇتۇشى، خانىم قىزلىرىنىڭ بولسا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خاس كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە يارىشا كىيىنىشى، گۈزەل بولغان قەلب ۋە

تاشقى كۆرۈنىشىنى نامايان قىلىشى، ئوخشاشلا شۇ شەخسنىڭ ۋە شەخس تەۋە بولغان پۈتۈن ئۇيغۇر مىللەتنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازى ۋە جانجان مىللىي مەنپەئەتىگە باغلىق مەسىلىدۇر.

شۇنى ئېنىق قىلىپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر مەسىلىسى دىنىي مەسىلە ئەمەس، بەلكى مىللىي ۋە سىياسىي مەسىلە. يەنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش، ئىنسانىيەتكە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۆتكۈزگەن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇش، ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە مۇستەقىل ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق بىخەتەر ۋە ھۆر ياشاشتىن ئىبارەت ھوقۇق كاپالىتىنى خەلقئارا قانۇن - پرىنسىپلار بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسىدۇر. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار بۇ بۈيۈك ئارمانلىرىمىزنى ئەمەلگە ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۆرەشلىرىمىزدە دۇنيا بىلەن بىر سەپتە تۇرىشىمىز، بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ھەركەت قىلىشىمىز، بىزنىڭ نۆۋەتتە ۋە كەلگۈسىدە تايىنىدىغان ۋە تاللايدىغان ئاقىلانە بولغان سىياسىي رېئاللىقىمىزدۇر.

**2021 - يىلى 9 - ماي، لوندون**

پايدىلانغان مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەر:

«خەلقئارا ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققى مۇنبىرى» - قازاقىستن ئۇيغۇرلىرى. 2015- يىلى نەشر قىلىنغان
https://minorityrights.org/minorities/uyghurs-2

ئەنگلىيىدىكى ئۇيغۇرلار تەخمىنەن 300 ئەتراپىدا دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.
ئەنگلىيىدىكى-ئۇيغۇرلار
http://www.azizisa.org/engilyediki-uyghurlar
https://elkitab.org/wp-content/uploads/2020/05/ئەنگلىيەدىكى-ئۇيغۇرلار-.pdf

سىز بۈيۈك بىرىتانىيەنى قانچىلىك بىلىسىز؟ (1)
http://www.azizisa.org/buyuk_birtaniye1

سىز بۈيۈك بىرىتانىيەنى قانچىلىك بىلىسىز؟ (2)
http://www.azizisa.org/buyuk_birtaniye2

بۈيۈك بېرىتانىيىنىڭ 2019 - يىللىق نوپۇس ستاتىستىكىسى
https://www.bbc.co.uk/news/election-2019-50808536

ئەنگلىيە ۋە ۋەلس كىنەزلىكىنىڭ 2019-يىلىللىق نوپۇس ستاتىستىكىسى
https://www.ethnicity-facts-figures.service.gov.uk/uk-population-by-ethnicity/national-and-regional-populations/population-of-england-and-wales/latest

https://www.bbc.co.uk/news/election-2019-50808536

نۇسرەت غېنى ۋە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى
https://www.nusghani.org.uk/about-nus
http://www.uyghurnet.org/ug/نۇسرات-گانى-ۋە-ئۇيغۇر-قىرغىنچىلىقى



# ھېسسىياتنى يوشۇرۇشتىن كېلىپ چىققان سەلبىي ئاقىۋەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھېسسىياتىمىزنى يوشۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان سەلبىي ئاقىۋەتلەر

مۇھىم نۇقتىلار

- كىشىلەر ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى يوشۇرمىسا بولمايدىغاندەك ھېس قىلىشى مۇمكىن.
- ھېسسىياتنى يوشۇرۇش تولىمۇ جاپالىق بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى چېچىپ، ئۇنىڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن.
- بىز ھېسسىياتىمىزنى يوشۇرساق ياكى ساختىا كەيپىيات ئىپادىلىسەك، سەممىيەتسىز دەپ قارىلىپ، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قېلىشىمىز مۇمكىن.
- ھەقىقىي ھېسسىياتىمىزنى يوشۇرساق، مۇناسىۋەتىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قىلغان بولىمىز.

سىز ئادەتتە ھېسسىياتلىرىڭىزنى ئاشكارا ئىپادىلەمسىز؟ ياكى يۈرىكىڭىز ئۆرتىنىۋاتقان چاغلاردىمۇ زورىغا كۈلۈمسىرەمسىز؟ بەزى كىشىلەر ھېسسىياتىنى «ئىناۋەت» نىقابىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يالغۇز قالغان چاغدىكى ھېسسىياتى بىلەن ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ھېسسىياتىنى تىزگىنلەشكە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش ئەھۋالى شۇ قەدەر ئومۇمىي بولىغاچقا، بۇ ئۆزۈندىن بۇيان نۇرغۇن شىئىرلارنىڭ باش تېمىسى بولۇپ كەلدى.

كىشىلەر خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى يوشۇرىدۇ. بەزىلەر «قايغۇرۇۋاتقانلىقىمنى، قورقۇپ كەتكەنلىكىمنى ياكى يېتەرلىك دەرىجىدە مۇنەۋۋەر ئەمەسلىكىمنى ئېتىراپ قىلسام، ھۆرمەت ياكى مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالىمەن» دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر «ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى يوق» ياكى «مەن ئازابىمغا مەلھەم بولىغۇدەك غەمخورلۇققا لايىق ئەمەس» دەپ قارىشى مۇمكىن. بەزىلەر ئۆزىنى ئۆمىدسىزلەندۈرگەن، ئاشلىۋەتكەن ياكى ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلارغا ئازار بېرىش ئۈچۈن مۇھەببىتىنى نىقابلايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆز مۇھەببىتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئاجىزلىق سۈپىتىدە پايدىلىنىلىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشەنگەندە، مۇداپىئە سۈپىتىدە ھېسسىياتنى يوشۇرىدۇ.

ھېسسىياتنى يوشۇرۇش بەزىدە باشقىلارنى، مەسىلەن باللارنى قوغداشنى ياكى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە قىيىنلىشۋاتقان بىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ سەلبىي ھېسسىياتىنىڭ باشقىلارنى چۆشكۈنلەشتۈرۈۋېتىشىنى خالىماسلىقى مۇمكىن. ئۆزىمىزدىكى غەم ـ قايغۇ، غەزەپ ـ نەپرەت، ئۈمىدسىزلىك ياكى قايغۇ ـ ھەسرەتنى يوشۇرۇش، مەزكۇر سەلبىي كەيپىياتلارنىڭ باشقىلارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ھايات گۈزەل» دېگەن ئەسەردە يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى مەزگىلىدە جازا لاگېرىدا كىچىك ئوغلىنىڭ ياشاش ئىستىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قورقۇنچى ۋە ئۈمىدسىزلىكىنى يوشۇرغان دادىنىڭ ۋەقەسى بايان قىلىنغان.

ئۇنداقتا، كىشى ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشىدۇ ياكى نېمىنى يوقىتىدۇ؟ پىداكار ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بەدەل تۆلەمدۇ؟

«ھېسسىياتنى يوشۇرۇشنىڭ پايدىسى بار» دېگەن قاراش ئۇزۇندىن بۇيان بازار تېپىپ كەلدى. ھالبۇكى، تەجرىبە تەتقىقاتى ھەرۋاقىت ھەقىقىي ھېسسىياتنى يوشۇرۇشنىڭ تەسىرى توغرىسىدا نىسبەتەن پەرقلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. جورىسغا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئېيتىپ بېرىش ساغلام ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى ئاكتىپ تەسىرلەرگە تۈرتكە بولىدۇ. ئەكسىچە، سەلبىي ھېسسىياتنى يوشۇرۇش جاپالىق بولغاندىن سىرت، مۇناسىۋەتنى بېيىتىش ئۈچۈن كېرەكلىك بىلىش بايلىقىنى (cognitive resource) ئازايتىۋېتىشى مۇمكىن.

تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، پاسسىپ كەيپىياتنى يوشۇرۇش كەيپىياتنىڭ چۈشكۈنلۈكلىشىشى، بېسىمنىڭ ئېشىشى، ئومۇمىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە شۇ مۇناسىۋەتكە بولغان رازىمەنلىكنىڭ تۆۋەنلىشى قاتارلىقلار بىلەن نەتىجىلىنىدىكەن. كىشىلەر ھەمىشە ئاكتىپ كەيپىياتنى ئويدۇرۇپ، پاسسىپ ھېسسىياتنى نىقابلايدۇ. بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ نەزىرىدىكى باشقىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولغان «ھېسسىيات قېلىپى»غا كىرىش ئادەمنى چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. بەزىلەر «خۇشال بولالىغانغا قەدەر خۇشال بولغان سىياقتا كۆرۈنۈش» ئارقىلىق خۇشال بولۇشنى ئۆگىنەلىشى مۇمكىن. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇناسىۋەت بەلكىم بۇ رەۋىشتە چىنلىقنىڭ تۆۋەنلىشىنىڭ سەلبىي تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ھەمراھلار مۇناسىۋەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش ئۈچۈن چوقۇم بىر ـ بىرىنىڭ (يەنى بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ، مەيلى خۇشاللىق، مەيلى قايغۇسىنىڭ) سەممىيلىكىگە ئىشىنىشى كېرەك ئىكەن. نىيەت ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، ھېسسىياتنى يوشۇرۇش ياكى ئويدۇرۇش باشقىلارنى «ھەقىقىي سىز»نى چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا تەسىرلىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ھەقىقىي ھېسسىياتنى يوشۇرۇش باشقىلارنى كەچۈرۈم سوراش، كەچۈرۈم قىلىش ياكى ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

كىشىلەر ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۈمىد قىلىنغان، ياكى قوبۇل قىلىنىدىغان ياكى قەدىرلىنىدىغان ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشكە كۆچەپ، بۇنىڭدىن غايەت زور بېسىم ھېس قىلىشى مۇمكىن. تەتقىقات شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خىزمەت ئورنىدا، ھېسسىياتنى يوشۇرۇش ۋە ئويدۇرۇش خىزمەتتىكى رازىمەنلىك ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا، تېخىمۇ ئېغىر ھېسسىي ھارغىنلىقىقا، ئۇيقۇنىڭ قالايمىقانلىششىغا ۋە خىزمەتكە پايدىسىز قىلمىشلارنىڭ سادىر بولۇشىغا سەۋەب بولىدىكەن. شۇڭا كىشىلىك تۇرمۇشتا ۋە خىزمەت داۋامىدا، ھېسسىياتنى يوشۇرغاندا ياكى ئويدۇرغاندا، كىمنىڭ پايدا ئالىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ ئۇتتۇرىدىغانلىقىنى، نېمىگە ئېرىشىپ، نېمىنى يوقىتىدىغانلىقىنى ياخشى ئويلىنىپ بېقىش كېرەك. (ھېسسىياتنى يوشۇرۇش كىشىگە غايەت زور بېسىم ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، خىزمەتتە، ئائىلىدە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە چىن، سەممىي ۋە ئوچۇق بولۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/longing - nostalgia/202105/do - you - smile - even - when - your - heart - is - breaking



# پەرزەنت تەربىيسى: باللارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ۋە ھېكايە ئېيتىپ بېرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پەرزەنت تەربىيىسى: باللارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ۋە ھېكايە ئېيتىپ بېرىش

(نۆل ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان باللارغا ماس كېلىدۇ)

## ھالقىلىق نۇقتىلار

- بوۋاقلارغا ۋە باللارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ۋە ھېكايە سۆزلەپ بېرىش چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باللارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. تىل ۋە ھېسسىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ.
- باللارغا بەزىدە كىتاب ئوقۇپ بەرسىڭىز، يەنە بەزىدە جىسىملارنىڭ رەسىملىرىنى كۆرسەتسىڭىز ياكى ئۆز كۈلتۈرىڭىزگە ئائىت ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرسىڭىز بولىدۇ.
- بوۋاقلار ۋە كىچىك باللار ھەمىشە قاپىيەلىك، رىتىملىق ۋە تەكرارلىنىدىغان كىتاب ۋە ھېكايىلەردىن بەھرە ئالىدۇ.
- ھەرقانداق ۋاقىت باللارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ياكى ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنىڭ ياخشى پەيتىدۇر! بالىڭىز بىلەن ھەر كۈنى كەم دېگەندە بىر كىتاب ياكى ھېكايىنى ئورتاقلىشىڭ.

## كىتاب ئوقۇپ بېرىش بوۋاقلار ۋە كىچىك باللار ئۈچۈن نېمىشقا مۇھىم؟

بالىڭىزغا ھەر كۈنى ھېكايە سۆزلەپ بېرىش، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا نۇرغۇن جەھەتتىن پايدىلىقتۇر.

## بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ۋە ھېكايە سۆزلەپ بېرىش

- بالىڭىزنىڭ ئاۋاز، سۆز ۋە تىل بىلەن تونۇشۇشىغا، شۇنداقلا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئوقۇش - يېزىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ
- بالىڭىزغا كىتاب ۋە كەچمىشلەرنى قەدىرلەشنى ئۆگىتىدۇ

- بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غىدىقلاپ، قىزىقىشىنى قوزغايدۇ
- بالىلارنىڭ مېڭىسىنى، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى، ئىجتىمائىي ماھارەت ۋە ئالاقە ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ
- بالىلارنىڭ «ھەقىقىي» بىلەن «توقۇلما» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم قىلىدۇ.
- بالىلارنىڭ يېڭى ياكى قورقۇنچلۇق ۋەقەلەرنى ۋە ئۆلارغا ياندىشىپ كەلگەن كۈچلۈك ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىگە ياردەم قىلىدۇ
- بالىلارنىڭ دۇنيانى، ئۆزىنىڭ كۈلتۈرىنى ۋە باشقا كۈلتۈرلەرنى چۈشىنىشىگە ياردەم قىلىدۇ.

بالىلىرىغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىش چوقۇم كىتابتىن بىر نەرسە ئوقۇپ بېرىشىڭىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

بالىڭىز بىلەن بىللە كىتابقا قاراپ، كىتاب ھەققىدە پاراڭلىشىڭىزمۇ، مۇنەۋۋەر ھېكايە سۆزلىگۈچى، تىل ۋە كىتابتىن پايدىلىنىشنىڭ ياخشى نەمۇنىسى بولالايسىز. بالىڭىز سىزنىڭ كىتابنى تۇتۇش شەكلىڭىزگە قاراپ، بەتلەرنى ئاستا - ئاستا ۋاراقلاشلىرىڭىزدىنلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ.

بالىلارغا ھېكايە ئوقۇپ بېرىشنىڭ چوڭلارغىمۇ پايدىسى بار. بالىڭىز بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلغان بۇ ۋاقىت بالىڭىز بىلەن ئارىڭىزدىكى رىشتىنى كۈچەيتىدۇ.

بالىڭىزغا يۇقىرى ئاۋازدا كىتاب ئوقۇپ بېرىشنى ئىمكانقەدەر بالدۇر باشلىسىڭىز بولىدۇ، قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى. بالىڭىز قۇچىقىڭىزدا تۇرۇپ، ئاۋازىڭىزنى، قاپىيەلىك ۋە رىتىملىق جۈملىلەرنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ.

## ھېكايە - قوشاقلار

كىتاب ئوقۇپ بېرىش بالىڭىزنىڭ تىلى ۋە ئوقۇش - يېزىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بىردىنبىر چارە ئەمەس.

بالىلارغا ھېكايە، قوشاق ۋە باشقا قاپىيەلىك مەزمۇنلارنى ئېيتىپ بېرىشمۇ دەسلەپكى ئوقۇش - يېزىش ماھارىتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پائالىيەتلەردۇر، شۇنداقلا بالىڭىز بۇ جەرياندىن تولىمۇ زوق ئېلىشى مۇمكىن. بەزىدە بالىڭىز ئوقۇشتىن بەكرەك بۇ پائالىيەتلەردىن ھوزۇر ئالالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سىز بالىڭىز بىلەن بىللە ئۆزۈڭلارغا خاس ھېكايىلەرنى ئويلاپ چىقسىڭىز ياكى ئۇنىڭغا ئائىلە ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز بولىدۇ. بالىڭىز سىز ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە ـ قوشاقلاردىن، ئاراڭلاردىكى پاراڭلاردىن سۆز ئۆگىنىدۇ ۋە تىل ماھارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

## بالىڭىزغا باشقا تىللاردا كىتاب ئوقۇپ بېرىڭ

سىز ئۆزىڭىز ئەڭ راھەت ھېس قىلىدىغان تىلدا، بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بەرسىڭىز، ھېكايە ـ قوشاق سۆزلەپ بەرسىڭىز بولىدۇ.

ئۆزىڭىز راھەت ئىشلىتەلەيدىغان تىلنى قوللىنىش سىزنىڭ تېخىمۇ ئاسان ئالاقە قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنداقلا، كىتاب ئوقۇش، ھېكايە ـ قوشاق ئېيتىش دېگەنلەرنى سىز ۋە بالىڭىز ئۈچۈن تېخىمۇ قىزىقارلىقلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدىمۇ، بالىڭىز يەنىلا سۆزلەرنىڭ ئوخشىمىغان ھەرپ، بوغۇم ۋە تاۋۇشتىن تەركىب تاپقانلىقىنى، بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا سىز كۆرسەتكەن جىسىملارغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

## بالىڭىزغا قانداق ۋاقىتتا كىتاب ئوقۇپ بېرىشىڭىز، ھېكايە ـ قوشاق ئېيتىپ بېرىشىڭىز كېرەك؟

بالىڭىز ئۇخلاش ئالدىدا، يۇيۇنۇۋاتقاندا، پويىزدا، ئاپتوبۇستا، ماشىنىدا، باغچىدا، دوختۇرخانىنىڭ كۈتۈش ئۆيىدە تۇرغان ۋاقتىڭىزدا ... ھەرقانداق ۋاقىت ھېكايە سۆزلەشنىڭ ياخشى پەيتىدۇر. كىتابلارنى كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەرۋاقىت بالىڭىز بىلەن ھەمبەھىرلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى يېنىڭىزدا ئېلىپ يۈرۈڭ.

قاچان توختاشنى بىلىش خۇددى قاچان ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنى بىلىشكە ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. بالىڭىزنىڭ ھېكايىگە بولغان ئىنكاسىغا دىققەت قىلىڭ، ئەگەر بۇ قېتىم ھېكايە ئاڭلاش بالىڭىزغا تازا خۇشياقمىغان بولسا، شۇ يەردە توختاڭ.

ئەگەر كىتابىڭىز بولمىسا ياكى نەق مەيداندا ھېكايە ئويلاپ چىقالمىسىڭىزمۇ كارايىتى چاغلىق. بالىڭىز بىلەن خەت، سۆز ۋە رەسىملەرنى ئورتاقلىششىنىڭ باشقا نۇرغۇن ئۇسۇللىرى بار. مەسىلەن، سىز:

- ئۆيدىكى ياكى تاللا بازىرىدىكى خالتىلارغا، بولۇپمۇ يېمەكلىك خالتىلىرىغا قاراپ، شۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى بالىڭىزغا سۆزلەپ بەرسىڭىز بولىدۇ.

- كىيىم ـ كېچەكلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە نېمە خەت بارلىقىنى، رەڭگىنى دەپ بەرسىڭىز بولىدۇ.
- خەت ۋە ئۇقتۇرۇشلارغا قاراپ، ئۇلاردا نېمە دېيىلگەنلىكىنى، كىم تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى دەپ بەرسىڭىز بولىدۇ.
- دۇكانلاردىكى، ئاپتوبۇس ۋە پويىزدىكى بەلگىلەر ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرىدىكى بالىڭىزنىڭ ئىسمىدىمۇ بار ھەرپلەرنى كۆرسەتسىڭىز بولىدۇ.
- تاماق تىزىملىكى ـ چوڭ بالىلار ئۈچۈن تاماق تىزىملىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ نېمە يېگۈسى بارلىقىنى بىلىش قىزىقارلىق ئىشتۇر.

## بوۋاقلارغا ۋە كىچىك بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئۇسۇللىرى

مۇنتىزىم پىلان تۈزۈپ، بالىڭىزغا ھەر كۈنى كەم دېگەندە بىر كىتابتىن مۇئەييەن مەزمۇنلارنى ئوقۇپ بېرىڭ. ھەر ئىككىڭلار راھەت ئولتۇرالايدىغان ئوقۇش ئورۇندۇقى كۈندىلىك ئوقۇش ئادىتىڭىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ.

تېلېۋىزورنى، رادىئونى ۋە تېلېفونىڭىزنىڭ ئاۋازىنى ئېتىۋېتىڭ. ھەمدە بالىڭىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىيالىشى ئۈچۈن، كىتابنى جىمجىت بىر جايدا ئوقۇڭ.

كىتاب ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا، بالىڭىزنىڭ يۈزىڭىزنى ۋە كىتابنى كۆرەلىشى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزىڭىزگە يېقىن تۇتۇڭ ياكى قۇچىقىڭىزدا ئولتۇرغۇزۇڭ.

ئاۋازىڭىزغا قىزىقارلىق تۈس بېرىڭ ۋە تەقلىدىي ئاۋازلارنى چىقىرىپ بېقىڭ.

بالىڭىزنى رەسىملەر توغرىسىدا سۆزلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تونۇش سۆز ـ ئىبارىلەرنى تەكرارلاش ئارقىلىق بالىڭىزنىمۇ ئىشتىراك قىلغۇزۇڭ.

بالىڭىز سوئال سورىغۇدەك بولغاندا، ئوقۇيدىغان كىتابنى ئۇنىڭغا تاللىغۇزۇڭ ۋە بالىڭىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىتابلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشقا ھازىرلىنىڭ!

ئەگەر سىزنىڭ چوڭ بالىلىرىڭىز بار بولسا، ئۇلار كىچىك بالىلىرىڭىزغا كىتاب ئوقۇپ بەرسە ياكى ھەممىڭلار بىللە كىتاب ئوقۇساڭلار بولىدۇ. بالىلار خەت ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە باشلىغاندا، نۆۋەتلىشىپ ئوقۇش، سوئال سوراش ۋە جاۋابلارنى ئاڭلاشنىڭ ھەممىسى بالىلارغا ئەسقاتىدىغان ماھارەتلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

ھەممىشە كىتابنى ئوكتۇۋېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ھەر قېتىمدا بىر نەچچە مىنۇت ئوقۇش بىلەن كۇپايىلەنگىنىڭىز ياخشى. باللار چوڭ بولغانسېرى، ئېخمۇ ئۇزۇنراق تىڭشاشقا تاقەت قىلالايدىغان بولىدۇ.

## بالىڭىزغا قانداق كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىشىڭىز كېرەك؟

ئادەتتە، كىچىك باللار ھەممىشە قاپىيەلىك، رىتىملىق ۋە تەكرارلىقتا ئىگە كىتابلارنى، ھېكايە - قوشاقلارنى ياقتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەكرارلاش ۋە قاپىيە كەلتۈرۈش باللارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇزۇن - قىسقىلىقى بالىڭىزنىڭ يېشىغا، مەزمۇنى بالىڭىزنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان قىزىقىشىغا ماس كېلىدىغان كىتابلارنى تالالاڭ.

## بۇ جەھەتتە يەرلىك كۇتۇپخانىلاردىن پايدىلىنىڭ

يەرلىك كۇتۇپخانىلار سىزنى نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. مەسىلەن، نادىر باللار كىتابلىرىنى كۇتۇپخانىدىن ھەقسىز ئارىيەتكە ئالالايسىز - دە، ئۆيىڭىزدە بالىڭىز ئوقۇيالايدىغان نۇرغۇن كىتابلار بار بولىدۇ، ئەمما سىز بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تىيىن خەجلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بالىڭىزنى كۇتۇپخانىغا بىللە ئاپىرىش ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلارنى ئۆزى تاللىشىغا يول قويۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ. سىز كۇتۇپخانا سەپىرىڭىز توغرىسىدا بالىڭىز بىلەن پاراڭلاشسىڭىز ۋە تەك پىلان تۈزسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، بالىڭىزدىن تۆۋەندىكىدەك سوئاللارنى سورىسىڭىز بولىدۇ:

- كىتابتىن قانچىنى تاللايسىز؟
- ئۆزىڭىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئاپتورنىڭ كىتابىدىن قانچىنى تاپالايسىز؟
- ھايۋانات توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئارىيەتكە ئالامسىز؟
- تەكرار ئارىيەتكە ئېلىشنى ئويلايدىغان كىتابىڭىز بارمۇ؟
- بىز يەنە قانچە كۈندىن كېيىن كۇتۇپخانىغا بارىمىز؟

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

پايدىلىنىلغان مەنبە:

https://raisingchildren.net.au/babies/play_learning/literacy_reading_stories/reading_storytelling



# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

**ھىجرىيىنىڭ 2 ـ ، 3 ـ ئەسىرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا يۇرتلارنى كېزىش ئومۇميۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلانغان بولۇپ، ھەدىسلەرنى تەھسىل قىلىش ئۈچۈن يۇرتلارنى كېزىشنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكەن. ئەللامە رامۇھۇرمۇزى ھەر قايسى جايلارغا سەپەر قىلىپ ھەدىس ئۆگەنگەن ھەدىسشۇناس ئالىملار ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يېزىپ، ئۇلارنى بىر قانچە دەرىجىلەرگە بۆلگەن. ئالدى بىلەن كۆپ جايلارغا بارغانلار، ئاندىن بىرەر جايغا بارغانلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەن. ئەينى چاغدا شۇ جايلار ئىسلام دۇنياسىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىدى. ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئۆلىمالار بىلەن مۇلاقات بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن سەپەر قىلىدىغان جايلار ئاساسەن مەككە، مەدىنە، بەسرە، كۇفە، جەزىرە، يەمامە، شام، يەمەن، مىسىر، مەرۋە، رەي، نىشاپۇر ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلار بولغان.**

## 1 . ھەدىس ئۈچۈن يۇرت كېزىشنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ۋە جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرى ۋە ئۇنۇملۇك رولى:

ھەدىس ئۈچۈن يۇرت كېزىشنىڭ ھەدىس شەرىپلەرنىڭ تارقىلىشىدا، رىۋايەت قىلىش يوللىرىنىڭ كۆپىيىشىدە ۋە راۋىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكە ئىگىلەشتە ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولغان. چۈنكى ھەدىسشۇناسلار باشقا يىراق شەھەرلەرگە بارغاندا بۈيۈك ئۆلىمالار بىلەن تونۇشۇپ، يېقىن ئارىلىشىدۇ ۋە سۆھبەت قۇرۇپ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلىم ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا چۈشىنىش چوڭقۇرلىشىدۇ. شۇنداقلا بەزى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكىگە كېلىشكىمۇ ئالاھىدە پايدىسى بولىدۇ. بۇنداق سەپەرلەر بولمىغاندا دىنىي ئەھكاملار ئۈستىدىكى تۈرلۈك ئىقلىملار ئارا كۆرۈلگەن ئىختىلاپلار تېخىمۇ كۆچىيگەن، تېخىمۇ ئەۋج ئالغان بولاتتى. شۇچاغدىكى ئۆلىمالار يۇقىرىقىدەك سەپەرلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن :«تالىبۇل ئىلىم بولغان بىر ئادەمنىڭ ئۆز يۇرتىدا بىرلا ئالىمدىن ئىلىم ئۆگىنىشى ياخشىمۇ ياكى باشقا يۇرتلارغا بېرىپ ئالىملاردىن ئىلىم ئۆگەنگىنى ياخشىمۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ :« باشقا يۇرتلارغا سەپەر قىلىپ ئىلىم ئۆگەنگىنى ياخشى. كۇفە، بەسرە، مەككە ۋە مەدىنىدىكى ئالىملاردىن ئۆگەنسۇن. ئۇلاردىن ئىلىم ئۆگىنىپ تەجرىبە ھاسىل

قىلسۇن» دېگەن. ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم بۇ ھەقتە: «شۈبھىسىزكى، ئەھلى ھەدىسنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش يولىدا يۇرت كەزگەنلىكى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالا بۇئۈممەتتىن تۈرلۈك بالالارنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن. يۇرت كېزىشتىكى مەقسەت ۋاقىتنى زايە قىلىپ، قارىسىغا سەپەر قىلىش، باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھال-مۇڭ ئېيتىشىش ئۈچۈن بولماسلىقى كېرەك. خەتىپ باغدادى شۇنداق دەيدۇ: «ھەدىس تەھسىل قىلىش يولىدا يۇرت كېزىش، بىرىنچىدىن، ئالىي ئىسنادنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، داڭلىق ھەدىسشۇناسلار بىلەن مۇلاقات بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار بىلەن ھەدىس ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت مەقسەت ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. مۇشۇ ئىككى مەقسەت ھەدىس تەھسىل قىلغۇچىنىڭ يۇرتىدا تېپىلىپ باشقا يۇرتتا تېپىلمىسا، ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارنى كېزىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.» ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا يۇرت كېزىش بولمىغان بولسا ئىدى، ئىلمىي بېكىنمىچىلىك تۈپەيلىدىن ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەر بىر شەھەردە يەرلىك خاراكتېرگە ئىگە بىر خىل ئىدىيۋى ھالەت شەكىللىنىپ قالغان بولاتتى. جاھاننى كېزىپ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىلىم مەركەزلىرىدىن ئىلىم ئېلىشقا ئۈندەيدىغان بۇ خىل يۈكسەك روھ ئالىملارنىڭ كەڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەگەر ھەدىسشۇناسلار كېيىنكى دەۋرلەردە داڭلىق ساياھەتنامىلەرنى يازغان ئىبنى جۇبەير، ئىبنى بەتۇتەگە ئوخشاش سەپەر خاتىرىسى يېزىش ۋە زىيارەت قىلغان جايلارنى تەسۋىرلەش بىلەن بولغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ قولىدىن مول مەلۇماتلارغا ئېرىشكىلى بولىدىغان سەپەرنامىلەر مەيدانغا كەلگەن بولاتتى. لېكىن مۇھەددىسلەر بۇ مۇشەققەتلىك سەپەرلىرىدە تۈپ نىشانى بولغان ھەدىسلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقىنى كۆزدە تۇتمىغان. ھىجرىيە 3 - ئەسىردە توپلانغان ھەدىس كىتابلىرىدىن شۇ نەرسە روشەنكى، يۇقىرىقىدەك ئىلمىي سەپەرلەرنىڭ بەرىكىتىدىن ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىلمىي كۆز قاراشلىرى ئېنىقلاشقان. ھەر قايسى جايلاردىكى دىنىي مەسىلىلەرگە تار مەھكىمچىلىك نەزەر بىلەن بىر تەرەپلىمە قارايدىغان خاھىش ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىزلىغان.

## 2 . ساھابىلەرنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى:

ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەدىسنى كۆپرەك رىۋايەت قىلغان. بەزىلىرى ئازراق رىۋايەت قىلغان. بۇ ھالەت ساھابىلەرنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشقا قارىتا تونۇشى ۋە ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بولغان.

1) : ئىز باسار تۆت خەلىپە (چاھارىيالار)، تەلھە، زۇبەير قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلەر خەلىپىلىك، ئۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن كۆپ مەشغۇل بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئىشلىرىغا كۆپ

www.uyghurkitap.com

ۋاقت ئاجرىتالمىغان. ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففاننى مسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇ خەلىپىلىك ئىشلىرى، ئۇرۇش ۋە قۇرئان كەرىمنى توپلاش ئىشلىرى بىلەن كۆپرەك مەشغۇل بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدىغانلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى ھەدىسلەرنىڭ تولىسى كېيىنكىلەرگە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە ۋە ئىبنى ئۆمەر قاتارلىق نۇرغۇن داڭلىق ساھابىلەر يۇقىرىقىدەك ئىشلار بىلەن ئانچە كۆپ شۇغۇللانمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى نىسبەتەن كۆپرەك بولغان.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە كۆپ بولغانلارنىڭ، كېيىنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئاقساقال ساھابىلەرنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى ئوخشاشلا كۆپ بولغان. بۇنىڭ تەتۈرىچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبىتىدە كۆپ بولمىغانلار، ئاندىن كېيىن ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن ساھابىلەرنىڭمۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى كۆپ بولمىغان.

3) ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ھەدىسلەرنى خاتىرىلىۋالغانلىقى قاتارلىق ئەۋزەل ئامىللار ئەبۇھۇرەيرە، ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىشىدا ھالقىلىق رول ئوينىغان.

4) بىر قىسىم ساھابىلەرنىڭ كۆپ ئىبادەت قىلىشقا بېرىلگەنلىكى، پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغان ھەدىسنى سۆزمۇسۆز ئەينەن رىۋايەت قىلالمىسا بولمايدۇ، دەپ تونۇپ ئۆزىنى ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىن تارتقانلىقى ياكى ھەدىس رىۋايەت قىلىشنى باشقا ساھابىلەرگە ھاۋالە قىلىپ قالدۇرغانلىقى سەۋەبلىك، رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى كۆپ بولمىغان.

5) ساھابىلەرنىڭ كېيىنكىلەرگە يېتىپ كەلگەن ھەدىسى بىر قانچە رىۋايەت قىلغۇچى ۋاستىلەر ئارقىلىق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئارىلىق رىۋايەت قىلغۇچىلار (ۋاستىچى راۋىلار) بەزى جەھەتلەردىن ئىشەنچسىز دەپ قارىلىپ يېتىپ كەلگەن ھەدىسلەر زەئىف ( ئاجىز ) ھەدىس دەپ ھېسابلىنىپ، تولۇق سەھىھ ھەدىسلەر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلمىگەن.

6) ئىز باسار تۆت خەلىپە ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا تولىمۇ ئېھتىياتچان بولغان. ئۇلار گاھىدا پەيغەمبىرىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى بىرەر گۇۋاھچىنىڭ شاھىتلىقى ياكى قەسەم ئىچكۈزۈش يولى ئارقىلىق قوبۇل قىلاتتى. ئىبنى شىھاب زۆھرىنىڭ بايان قىلىشىچە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە ئۆزىدىن پەتىۋا سوراپ كەلگەن كىشىگە :«ئاللاھنىڭ كىتابىدا بۇ توغرىلىق جاۋاپ تاپالمىدىم» دەپ كىشىلەردىن بۇ ھەقتە سورىغان. ھەزرىتى مۇغىرە ئىبنى شۆئبە بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى ئېيتىپ بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭدىن:« بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندا يېنىڭدا بىرەرسى بارمىدى؟» دەپ سورىغاندا، ھەزرىتى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگەن. نەتىجىدە

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە گۇۋاھچى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا، ئەبۇ سەئىد خۇدرى گۇۋاھ بولغان. ئۇندىن باشقا ھەزرىتى ئۆمەر يەنە بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ بىناسى ھەققىدىكى بىر ھەدىسنىڭ ئىشەنچلىلىك ئىكەنلىكىگە قارىتا ھەزرىتى ئۇبەيدىن گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىپ ياقىسىدىن ئالغاندا، ھەزرىتى ئەبۇ زەر بۇ ھەدىسنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن. ھەزرىتى ئوسمان بىر قېتىم تاھارەتكە سۇ ئەكەلدۈرۈپ، پەيغەمبىرىمىز تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، يېنىدىكى ساھابىلەرگە قاراپ :«پەيغەمبىرىمىز تاھارەتنى مۇشۇنداقئالامتى؟» دەپ سورىغان. ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دېگەن:« مەن ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزدىن بىر ھەدىس ئاڭلىغان بولسام، ئاللاھ خالىغاندا ئۇ ھەدىستىن پايدىلىناتتىم. بىرەرسى ماڭا ھەدىس بايان قىلىپ بەرسە، مەن ئۇنىڭ راستلىقىغا قەسەم قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتىم. ئۇ ھەدىسنىڭ راستلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇ ھەدىسنى تەستىقلايتتىم.» ھەزرىتى ئۆمەر ئېھتىياتچانلىق يۈزىسىدىن باشقىلارنىڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىشىنى ماقۇل كۆرمىگەن. ئىبنى كەئب مۇنداق دېگەن :«ھەزرىتى ئۆمەر بىزنى كۇفەگە ئەۋەتىپ، مەدىنىنىڭ يېنىدىكى سىرار دېگەن جايغىچە بىللە مېڭىپ ئۇزىتىپ چىقتى. بۇ بىزدىن : <مېنىڭ نېمشقا سىلەر بىلەن بىللەچىققىنىمنى بىلەمسىلەر؟> دەپ سورىغاندا، بىز : <ساھابىلەر بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈنغۇ؟> دېسەك، ئۇ : <مېنىڭمۇشۇ يەرگىچە بىلەن بىللە چىقىشىم سىلەرگە مۇنداق بىر سۆزنى دەپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. سىلەر خۇددى قازانقايناۋاتقاندەك يىغلاپ تۇرۇپ قۇرئان كەرىمنى ئوقۇيدىغان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا كېتىپ بارىسىلەر. ئۇلار سىلەرنى كۆرگەن چاغدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى كەپتۇ دەپ ئۇلۇغ بىلىپ، بارچە گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىڭلارغا قاتتىق دىققەت قىلىدۇ. شۇڭا سىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئازراق رىۋايەت قىلىڭلار...>» دېگەن.

يۇقىرىقىلاردىن ھەرگىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىگە قىزىقماسلىق ياكى سەل قاراش دېگەن ئۇقۇمى چىقمايدۇ. تۆت خەلىپىنىڭ تۆپ مەقسىتى پەيغەمبىرىمىزدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىشنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ئېغىر، چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى، دىنىي جەھەتتە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكىنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ بولۇشىنى ئېنىقلاشتا ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ئەنە شۇنداق قاتتىقراق بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەدىسنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئادەمنىڭ رىۋايەت قىلىشىنى شەرت قىلغانلىقىدىن ياكى ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ساھابىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەبۇ سەئىد خۇدرى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ ھەدىسىنىڭ توغرىلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەبۇ مۇساغا: «مېنىڭ ساڭا تۆھمەت چاپلاۋاتقىنىم يوق. لېكىن مەن پەيغەمبىرىمىزگە يالغان - ياۋداقلارنىڭ چاپلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەن سۆزى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلىشقا ۋە يەتكۈزۈشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكى بىلەن بەزى ساھابىلەرنىڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىشنى خوپ كۆرمەيدىغان ئىكەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا قىلچە زىددىيەت يوق. چۈنكى كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا زىيادە ئېھتىياتچان بولغانلار ھەدىسكە باشقىلارنىڭ قەستەنلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى بەزىبىر سەۋەنلىكلىرى تۆپەيلى يوق نەرسىلەرنىڭ قوشۇلۇپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە يالغاننى چاپلىغانلارغا قارىتىلغان: «كىمكى ماڭا يالغاننى چاپلايدىكەن، ئۆزىگە دوزاختىن ئورۇن ھازىرلىسۇن» دېگەن سۆزىنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىقى يۈزىسىدىن بولغان. زۇبەير، ئەبۇ ئۇبەيدە، ئاببас، زەيد ئىبنى ئەرقەم ۋە سەئىد ئىبنى مالىك مۇشۇ خىلدىكى ساھابىلەردىن ئىدى. زەيد ئىبنى ئەرقەم ئوچۇق قىلىپ: «يېشىمىز چوڭىيىپ كەتتى، ئۇنتۇغاق بولۇپ قالدۇق. بۇ ياشتا پەيغەمبىرىمىزدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىش مەسئۇلىيەتچانلىقى ئېغىر ئىش» دېگەن. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، تۆت خەلىپە دەۋرىدە پەيغەمبىرىمىز نامىدىن يالغان ۋە ئىشەنچىسىز ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇش ۋە كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى تاشلاپ ھەدىس بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا قاتتىق تەلەپ قويۇلغانلىقتىن ساھابىلەر ئارىسىدا ھەدىس رىۋايەت قىلىشنىڭ ئاز - كۆپلۈك نىسبىتىدە ئوخشىماسلىقلار بولغان. بىر مۇنچە ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقان. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يەنىلا كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزلىرىگە ئىشەنچ قىلالىغانلار كۆپلەپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

3 . كىشىلەرنىڭ ھەدىس تەلەپ قىلىشتىكى يۈكسەك قىزغىنلىقى:

كېيىنكى چاغلاردا ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن سىرتقا يۈزلىنىپ، تۆت ئەتراپقا تارىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن دىنىي دەۋەت ئېھتىياجى بىلەن ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار يىراقتا سەپەر قىلىپ باشقا ئەللەرگە بارغان. بۇچاغدا كىشىلەر يولۇققان مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ پەتىۋا بېرىشىگە توغرا كەلگەن. بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزى بىلىدىغان ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىپ، شۇ ھەدىسلەر ئاساسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئاۋامنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا تىرىشقان. ئېھتىياج بولسۇن - بولمىسۇن، ئۆزى بىلىدىغان بارلىق ھەدىسلەرنى باشقىلارغا قويماي ئېيتىپ بېرىش ۋە ئۆگىنىش قانات يايغان. مۇشۇ تەرىقىدە ھەدىسلەر تارقىلىشقا باشلىغان. بىر قىسىم نۇقتىلىق شەھەرلەردە مەخسۇس ھەدىس تەلىم بېرىش ئورۇنلىرى بەرپا قىلىنىغان. ھىجرىيەنىڭ 17 - يىلىلا (638) ئىراق ۋە شاملارپۈتۈنلەي فەتھى قىلىنغان. 20 - يىلى (641) مىسىر فەتھى قىلىنغان. 21 - يىلى (642) ئىرانمۇ فەتھىقىلىنغان. ھىجرىيەنىڭ 56 - يىلى (678) مۇسۇلمانلار سەمەرقەندكە يېتىپ بارغان. ھىجرىيەنىڭ 93 - يىلى (712) ھازىرقى ئىسپانىيە فەتھى قىلىنغان. بۇ ئەللەرنىڭ ئاھالىسىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولغاچقا، ئۇلارغا دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىسلام خەلىپىلىرى تۈركۈم - تۈركۈم ساھابىلەرنى ۋە تابىئىنلارنى مۇشۇ يىراق ئىزچىل جايلارغا

ئەۋەتكەن. يەنە نۇرغۇن ساھابىلەر ئۆزلىكىدىن ئىسلام دەۋەتچىسى سۈپىتىدە باشقا ئەللەرگە بېرىپ، شۇ يەردە كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇقىم تۇرۇپ ۋە يەرلىشىپ قالغان. ئۇلار بارغانلا جايلار قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى ئۆگىنىدىغان مەرىپەت ئوچاقلىرىغا ئايلانغان. بىلىم ئېلىشقا تەشنا نۇرغۇن ئىلىم تەلەپكارلىرى ئۇلاردىن ھەدىس ئۆگىنىپ، يۈكسەك سەۋىيە ھاسىل قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز جايلىرى ۋە دەۋرىدىكى ھەدىس ئۇستازلىرى، سۈننەتنىڭ ھامىيلىرى بولۇپ قالغان. بۇ چاغلاردا تېخى كېيىنكى كۈنلەردىكىگە ئوخشاش مۇنتىزىم ۋە مەخسۇسلاشقان بىلىم ئۆگىنىش مەركەزلىرى، مەدرىسىلەر تەسىس قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۆزى ئاددىي ۋە چاققان بىلىم ئېلىش سورۇنلىرى يەنىلا كۆپ ئىدى. ئادەتتە كۆپىنچە مەسچىتلەر مەدرىس ئورنىدا بولۇپ، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇراتتى. قالغان ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھالقا شەكلىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۇستازنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ بەرگەنلىكىگە قۇلاق سالاتتى، يادلايتتى ۋە خاتىرىلەيتتى. ھەدىس ئۆگەنگۈچىلەر مەسچىتلەرگە سىغماي، كەڭ مەيدانلارغىچە تۈزۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ چاغلاردا ھەدىس ئۆگىنىش جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقىلەرگىمۇ كېڭەيگەن ئىدى. بەزى جەمەتلەر ئىچىدە بوۋىسىدىن نەۋرىسىگىچە مۇھەددىس بولۇپ چىققانلارمۇ بار ئىدى. ئىبنى ھەجەرئەسقەلانى «أنباء الغمر» دېگەن كىتابىدا ئۆزىنىڭ زامانىدا بىر تۈركۈم ئايال مۇھەددىسلەر يېتىشىپ چىققانلىقىنى ئېيتىدۇ. تابىئىنلار دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ ھەدىسكە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە بېرىلىشى شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، ئۇلار مۇھەددىسنىڭ قورسىقىدىكى بارچە بىلىمنى ئۆگىنىۋالمىغىچە بولدى قىلمايتتى. كىشىلەرنىڭ ھەدىس ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى تۆۋەندىكى باياندىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەبۇ زەكەرىيا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەسرەدە ئوسمان ئىبنى ئەبۇل ئاسنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىن ئۆتۈپ قالدىم. قارىسام بىر تۈگمەننىڭ ئۇن تاسقايدىغان يېرىدە كىشىلەر توپلىشىۋېلىپ بىر بوۋايىنى ئورىۋاپتۇ. مەن:«بۇ كىم بولىدۇ؟» دېسەم، ئۇلار :« ئۇلۇغ ساھابە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن خادىمى ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ خادىمى خىراش ئىبنى ئابدۇللاھ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشتى. مەن «ئۇ قانچە ياش؟» دېسەم، ئۇلار « ئۇ 130 ياش » دەپ جاۋاب بەردى. مەن دەرھال كىشىلەرنى قىستاپ يۈرۈپ ئۇ بوۋايىنىڭ يېنىغا باردىم. قارىسام ئۇنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئادەم ھەدىس خاتىرىلەۋېتىپتۇ. قالغانلار تىڭشاپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى قەلەمنى ئېلىۋېلىپ، 13 ھەدىسنى خاتىرىلىۋالغان ئىدىم. ئۇ چاغدا مەن 12 ياشتا ئىدىم.

مۇھەددىسلەرنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئابباسىيلارنىڭ ئەڭ سەلتەنەتلىك خەلىپىسى ھارۇن رەشىد پۈتۈن ئادەملىرى ۋە قوشۇنى بىلەن رىققە دېگەن جايغا كەلگەن. تابىئىنلاردىن بولغان مۇھەددىس ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكمۇ دەل شۇ چاغدا بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەن. كىشىلەر دەۋرەپ كېلىشىپ، خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئەمەس، بەلكى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن. تىقما ـ تىقما بولۇشۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەلەككە ئۆرلەپ گويا جەڭگاھ كۆرۈنۈشىنى ئالغان. خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى چۆشكەن ھەرەمخانىنىڭ راۋىقىدىن ھەيرانلىق بىلەن قاراپ بۇئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇھاپىزەتچىلەردىن «بۇ كىشى كىم ئىكەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار دەررۇ «بۇخۇراسان تەرەپتىن كەلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئىسىملىك بىر ئالىم ئىكەن » دېگەندە، ئۇ ئايال «ئەسلى پادىشاھ ھارۇن رەشىد ئەمەس، بەلكى بۇ ئالىم ئىكەن» دېگەن. ھەدىسشۇناسلىقتىن ئىبارەت يۈكسەك ئورۇن خەلىپىلەرنىمۇ قىزىقتۇرغان. ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى خەلىپە مەئمۇن خەلىپىلىككە ئولتۇرغان دەسلەپكى چاغلاردا قازى قۇززات يەھيا ئىبنى ئەكسەمگە «مەن ھەدىس سۆزلەپ باقسام؟» دېگەن. قازى ئۇنىڭغا «ھەدىس سۆزلەشكە مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەڭ لايىق ئەمەسمۇ؟» دېگىنىچە مۇنبەرگە تەكلىپ قىلغان. خەلىپە مەئمۇن مۇنبەرگە چىقىپ بىراقلا 30 نەچچە ھەدىس سۆزلىگەن. ئاندىن مۇنبەردىن چۈشۈپ قازىغا «سورۇنىمىز قانداق بولدى؟» دەپ سورىغاندا، قازى جاۋابەن «ئامما ـ خاس ھەممە پايدىلانغان كاتتا سورۇن بولدى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھەدىس ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە سورۇنلارنىڭ دائىرىسىنىڭ زىيادە چوڭلۇقىدىن مۇھەددىسلەرنىڭ سۆزىنى يىراقتا ئولتۇرغانلارغا يەتكۈزىدىغان مەخسۇس جارچىلار قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار مىڭلىغان ھەدىس ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا تارقىلىپ، مۇھەددىسنىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزمۇ ـ سۆز، بىرمۇ ـ بىر، قۇرمۇ ـ قۇر، ئابزاسمۇ ـ ئابزاس باشقىلارغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. (دېمەك ئۇلار ئۆز زامانىسىدا ھازىرقى مىكروفوننىڭ رولىنى ئۆتىگەن ئىدى. ۋەتىنىمىزدىكى مەسچىتلەردە تېخى يېقىنقى دەۋرگىچە بۇنداق رولنى ئالىدىغان مەخسۇس كىشىلەر بار ئىدى.) ئابباسىيلار خەلىپىلىرىدىن خەلىپە مۇئتەسىم بىللاھنىڭ زامانىدا باغدات رىسافە مەسچىتىدە مۇھەددىس ئاسىم ئىبنى ئەلىنىڭ سورۇنىغا جاي ـ جايلاردىن كەلگەن يۈز مىڭدىن ئارتۇق ھەدىس ئۆگەنگۈچىلەر توپلانغانلىقى تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان. بىز بۇنىڭدىنمۇ كىشىلەرنىڭ ھەدىس ئۆگىنىشتىكى يۈكسەك قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

### 4 . ساھابىلەر دەۋرىدە ھەدىس يۇرتلىرى بولغان جايلار

1) مەدىنە مۇنەۋۋەرە: مەدىنە — ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلىرى ھىجرەت قىلغان قۇتلۇق ۋەمۇقەددەس جاي بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتى (ئىسلام قانۇنى ۋە قانۇنشۇناسلىقى) مۇشۇ شەھەردە شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھەدىسلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ جايدا مەيدانغا كەلگەن. مۇھاجىرلار شۇ يەردە تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ بۇ جاي داۋاملىق ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى، ئىسلامنىڭ مەركىزى، چوڭ ساھابىلەرنىڭ قارارگاھى بولغان. ئۇلار مەدىنىدە پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا، ھەمدە ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن نېسۋىدار بولۇپ كەلگەن. بۇ جايدا ھەدىستە پۇختا ئاساسقا ئىگە

نۇرغۇن ساھابىلەر يېتىشكەن. شۇ ساھابىلەرنىڭ ئىرىشچانلىقى بىلەن، كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرۈشى ۋە پۇختا تەربىيىلىشى ئارقىسىدا زور بىرتۈركۈم كىشىلەر مۇھەددىس بولۇپ يېتىشكەن. مانا بۇلار مەدىنىدە ھەدىس تارقىتىش، پەتىۋا بېرىش ئىشلىرىدا ئاساسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن. نەتىجىدە مەدىنە «دارۇسسۈننەت» دەپ ئاتالغان. «سۈننەت ماكانى» دەپ ئاتالغان مەدىنە ئەتراپتىن كېلىپ ھەدىس ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈزلىنىدىغان مۇقەددەس مەنزىلى ۋەقۇتلۇق مەنزىلگاھى بولغان. دېمەك ھەدىس مەدىنىدە بارلىققا كېلىپ، يەنە شۇ يەردە كەڭ دائىرىدە راۋاجلانغان. پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلغاندىن باشلاپلا مەدىنە ھەر قايسى ئەرەب ئاھالىسى، بولۇپمۇ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ قەلبى تەلپۈنەتتى. مەككە مۇكەررەمەگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىناتتى. ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازلىرىدىن بولغان ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ:«ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەدىنىگە بېرىپ ھەدىس ئاڭلاش مېنىڭ بىردىنبىر ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇيۇم» دېگەن. تابىئىنلاردىن بولغان ئەبۇل ئالىيە: « بىز ئەسلىدە بەسرەدە تۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھەدىسلىرىنى ۋاستىلىق ئۆگىنەتتۇق. بىراق بىز بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، مەدىنىگە كېلىپ ئاشۇ ساھابىلەرنىڭ ئۆز ئاغزىلىرىدىن ھەدىسلەرنى ئۆگەندۇق» دېگەن.

2) مەككە مۇكەررەمە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 630 ـ يىلى رامىزاننىڭ 20 ـ كۈنى ، يەنى 11 ـ يانۋار كۈنى مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرگە قۇرئان ئۆگىتىش، ھالال ـ ھارام ئىشلارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەلنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويغان. ئۇ ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بىلىملىكلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىبنى ئابباس قاتارلىق كۆپ ساھابىلەر ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس بەسرەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەككىدىكى ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلغان. ئابدۇل ائىبنى ئابباسنىڭ ئىلمى كۆچلۈك بولۇپ، داڭلىق مۇھەددىسلەردىن ئىدى. شۇڭلاشقا ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز جىيەنى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى ئۆزىگە قارشى قورال كۆتۈرۈپچىققان خاۋارىجلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتكەن چاغدا، ئالاھىدە تەكىتلەپ ۋە جېكىلەپ شۇنداق دېگەن ئىدى:«ئۇلار بىلەن قۇرئان ئايەتلىرى ئارقىلىق تالاش ـ تارتىش قىلماڭ، چۈنكى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، سىز بىر مەنىسىنى دېسىڭىز، ئۇلار يەنە باشقا مەنىسى بىلەن ئايەتلەرنى سوقۇشقا سالىدۇ، مۇنازىرە ـ سۆھبەتنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ. ئەمما ئۇلار بىلەن سۈننەت ئارقىلىق مۇنازىرە قىلىپ سۆھبەتلەشسىڭىز، ئۇلار قايتا سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يورغىلىتالمىغانلىقى ئاز دەپ، سۈننەتتىن نەيرەڭۋازلىق قىلغۇدەك ھېچ نەرسە تاپالماي، مات بولىدۇ. چۈنكى سۈننەت قۇرئانغا ئوخشاش كۆپ خىل مەنىلىك ئەمەس، بەلكى ھېچقانداق قىلىپ بۇرمىلىغىلى بولمىغۇدەك مۇكەممەل ۋە پۇختا» دېگەنىدى. مەككىدە ئۇلاردىن باشقا يەنە ھەدىسلەرنى تارقىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان زور بىر تۈركۈم ساھابىلەر بار ئىدى. ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۆزىلا تابىئىنلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان مۇجاھىد، ئىكرەمە ۋە ئەتا قاتارلىق داڭلىق مۇپەسسىرلەر ۋە مۇھەددىسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققاندى.

3) كۇفە : كۇفە شەھىرى قۇرۇلغاندىن باشلاپلا ئىسلام قوشۇنى جايلاشقان مەركىزىي شەھەر بولۇپ، بۇ يەرگە ساھابىلەردىن نۇرغۇن كىشى كۆچۈپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە يەرلىشىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ھەزرىتى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد بۇ جاينىڭ پېشقەدەم ئالىمى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇزۇن زامان تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسى بىلەن نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

4) بەسرە: بەسرە شەھىرى ھازىرقى ئىراقنىڭ جەنۇبىدىكى پارس قولتۇقىغا يېقىن جايلاشقان مۇھىم شەھەر بولۇپ، بۇ يەردىكى ھەدىس ئىلمىنىڭ بايراقدارى ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك بولۇپ، بۇ يەرگىمۇ نۇرغۇن ساھابىلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ھەدىس تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، تابىئىنلاردىن نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

5 ) شام : مۇسۇلمانلار شامنى فەتھى قىلغاندا، ئاھالىسىدىن نۇرغۇنى مۇسۇلمان بولغان. بارلىق خەلىپىلەر بۇ يەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەڭ چوڭ ساھابىلەرنى ئىرچىل ئەۋەتكەن. جۈملىدىن ھەزرىتى ئۆمەر مۇئاز ئىبنى جەبەلنى شام ئاھالىسىگە دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن. شامدا ھەدىس تەلىم بېرىش بىلەن شۇغۇللانغان يەنە بىر ساھابە ئۇبادە ئىبنى سامىت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي بىلىمىنىڭ چوڭقۇر بولۇشى بىلەن بىرگە «قۇرئان كەرىم»نى جەملەش ئىشىغا كۆپ ھەسسە قوشقان. بۇ زات ھەققانىي، يۈرەكلىك بولۇپ، توغرا يول تۇتمىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئىنكار قىلغان. ھەزرىتى ئۆمەر يەنە ساھابىلەرنىڭ فەقىھلىرىدىن ۋە ھەدىس پېشۋالىرىدىن بولغان ئەبۇ دەردانىمۇ مۇئاز بىلەن بىللە شامغا ئەۋەتكەن. يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ھەزرىتى ئۆمەرگە مەكتۇپ يېزىپ: «شام ئاھالىسى ئۆزلىرىگە قۇرئاننى ۋە فىقھى ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىدىغان كىشىلەرگە مۇھتاج بولۇپ قالدى. ئۇبادەنى، مۇئازنى ۋە ئەبۇ دەردانى ئەۋەتسەڭ» دېگەن. نەتىجىدە بۇلار شامدا ھەدىسنى تارقىتىش ئىلمىي ھەرىكىتىنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ قالغان. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ساھابىلەر شامغا كېلىپ كىشىلەر ئارىسىدا ھەدىس ئىلمىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ قولىدا تابىئىنلاردىن نۇرغۇن كىشى مۇكەممەل تەربىيىلىنىپ، پۇختا يېتىشىپ چىققان ئىدى.

6 ) مىسىر : مىسىر 641 ـ يىلى تولۇق فەتھى قىلىنىشى بىلەنلا ئاھالىسىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامغا كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە نۇرغۇن ساھابىلەر كېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى تەلىم بېرىشكە باشلىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزدىن كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋە ئاڭلىغان ھەدىسنى خاتىرىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ھەزرىتى ئەمر ئىبنى ئاسمۇ ئەنە شۇ ساھابىلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ئىدى. كېيىنچە يېڭى خەلىپە ھەزرىتى مۇئاۋىيە ئەمر ئىبنى ئاسنى مىسىرغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەندە، ئەمرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ دادىسى بىلەن مىسىرغا بىللە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغاندى. مەزكۇر ئابدۇللاھ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر مىسىردىن ئايرىلماي، ئۇدا دىنىي تەلىم ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغان. مۇھەممەد ئىبنى رەبى مىسىرغا كېلىپ تەلىم ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللانغان ساھابىلەر ئۈستىدە يازغان مەخسۇس ئەسىرىدە بۇ يەرگە كەلگەن ساھابىلەرنىڭ سانىنىڭ 140 نەپەردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ ئۇلۇغ ساھابىلەرنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا مىسىردا تابىئىنلاردىن نۇرغۇن ھەدىس ئالىملىرى يېتىشىپ چىققان.

7 ) نىشاپۇر ۋە بۇخارا

مەھمۇد قەشقەرى دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە : «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ» («دىۋان»، توم، 2 ـ بەت) دېگەن سۆزنى ھەدىس دەپ كەلتۈرۈپ، بۇنى ئىشەنچلىك بۇخارالىق بىر ئالىم بىلەن نىشاپورلۇق بىر ئالىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى، يەنى تەلىم ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ يەردە «ئاڭلىدىم» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆز ئەسلى تېكىستىدە «سەمىئتۇ» (سمعت) بولۇپ، ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھى (تەبىرى) بويىچە ئېيتقاندا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ھەدىس ئۆگەندىم» دېگەن بولىدۇ. دېمەك، بۇ سۆز ھەدىس ئۆگەنگۈچى شاگىرت بىلەن ئۆگەتكۈچى ئۇستازنىڭ ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مەھمۇد قەشقەرى ھەدىس ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، بۇخارا، نىشاپورلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەينى زامانلاردا بۇخارا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ مەركىزى بولغان، بۇخارا ئۆزىنىڭ مەدرىسلىرى، يېتىشتۈرۈپ چىققان ئالىملىرى بىلەن جاھانغا داڭق چىقارغان. تالىبۇل ئىلىملەرنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ قىبلىگاھى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە داڭدار ئالىملارنىڭ نۇرغۇنى بۇخارا مەدرىسلىرىنىڭ ئۇزۇپ چىققان پىشقەدەم تالىبۇل ئىلىملىرى ئىدى. ھەدىسشۇناسلىق بۇرۇندىن تارتىپ بۇخارادا ئالاھىدە راۋاجلانغانىدى. ھەدىسشۇناسلارنىڭ پىرى، ئەڭ مۆتىۋەر كىتاب «سەھىھ بۇخارى»نىڭ مۇئەللىپى ئىمام بۇخارى ئەنە شۇ بۇخارادا يېتىشكەنىدى. نىشاپورمۇ بۇخاراغا ئوخشاش ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەينى چاغلاردا ئابباسىيە دۆلىتىدە ئىككى ئىلىم مەركىزى بولۇپ، بىرى باغدات، يەنە بىرى نىشاپور ئىدى. ئىسلامىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارىخىدا تۇنجى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن نىزامىيە مەدرىسىنىڭ بىرى باغداتتا، يەنە بىرى نىشاپۇردا تەسىس قىلىنغانىدى. ئىلىم سورۇنلىرى، بىلىم ئېلىش جايلىرى مەسچىتلەردىن مەدرىسلەرگە كۆچكەن دەۋرلەردە نىشاپۇر شەرقىنىڭ كۆزىنكى، فازىللارنىڭ كانى، ئۆلىمالارنىڭ ماكانىغا ئايلانغان ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇرتىلى بىلەن ئەرەب تىلىغا توشقان تىلشۇناس بولۇشى بىلەن تەفسىر، ھەدىس، فىقھى(قانۇنشۇناسلىق) قاتارلىق ئىسلامشۇناسلىق بىلىملىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەنىدى. مەزكۇر ھەدىسنى بۇخارالىق ۋەنىشاپۇرلۇق ھەدىس ئالىملىرىدىن ئۆگەنگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇخارا ۋە نىشاپۇر قاتارلىق ئىلىممەركەزلىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىمام بۇخارادىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان، مەشھۇر ھەدىس كىتابى «سەھىھ مۇسلىم»نىڭ مۇئەللىپى مۇسلىم ئىبنى ھەججاج نىشاپۇرلۇق ئالىم ئىدى. ئىمام بۇخارى نىشاپۇرغا كەلگەندە، مۇسلىم ئۇنىڭدىن ھەدىس ئىلمى ئۆگەنگەن ۋە ئىمام بۇخارىدىن ئۆرنەك ئالغانىدى. نىشاپۇر ئەبۇل ئابېەسۇلئەسەم، ئەبۇ مەنسۇر، ئابدۇلمەلىك، ئەبۇ ئابدۇللا ھاكىم قاتارلىق ھادىس ئالىملىرى ئۆتكەن يۇرت ئىدى. يۇقىرىقى ھەدىستىكى ئىككى ئالىم ئەسلى تېكىستتە «ئىمام» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇ يەردىكى«ئىمام»نىڭ مەنىسى «ھەدىسشۇناس، ھەدىس ئالىمى، ھەدىس پېشۋاسى» دېگەن بولىدۇ. لېكىن مۇئەللىپ بۇيەردە ئۇلارنى «ئىمام» دەپ ئاتاش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئېنىق تىلغا ئالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ، مەھمۇد قەشقەرى يۇقىرىقى ھەدىسنى ئىشەنچلىك كىشلەردىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقاندا رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ «ئۆزى جاۋابكار»، «توغرا بولمىغان تەقدىردىمۇ» دېگەن ئىزاھنى بېرىپ، مەزكۇر ھەدىسكە تازا ئىشەنچ قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. روشەنكى، مۇئەللىپ ئۆزىگە ئۇستاز بوللۇق ھەدىس پېشۋالىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىشنى ئەپ كۆرمىگەن، ئۇلارنى ئايىغان.

( داۋامى بار )

پايدىلانغان ئاساسلىق مەنبەلەر:

1 . ھەدىس شەرىپ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان. مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم، خىتاي مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى، 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان، ئومۇمىي 74 ـ سان

2 . التاريخ الكبير (تارىخ كەبىر)، ئىمام بۇخارى. 2 ـ توم 122 ـ بەت، 5 ـ توم 256 ـ بەتلەر

3 . أُسْد الغابة في معرفة الصحابة . لعز الدين أبي الحسن الجزري الموصلي (555–630 هـ) المعروفبابن الأثير الجزري ( 1160 – 1233) .

4 . ئىسلام تارىخى، ئىمام زەھەبى. 1990 ـ يىل نەشرى.

5 . الإصابة في تمييز الصحابة للحافظ ابن حجر العسقلاني ، ئەرەبچە نەشرى، 6 ـ توم، 188 ـ بەت

6 . الوافي في الوفيات للعلامة صلاح الدين خليل بن ايبك الصفدي . الناشر : جمعية المستشرقين الألمانية ،اسطنبول ، مطبعة الدولة عام ١٩٣١ .

7 . «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىل، 3 ـ سان

8 . پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىكى زور ئىشلار يىلنامىسى

9 . ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى

10 . سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى. دوكتۇر مۇستاپا سىبائى. 2019 ـ يىل، 9 ـ نەشرى، سالامنەشرىياتى

11 . كۇۋەيت فىقھى ئېنسكلوپېدىيىسى



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2021-يىلى 4 – ئاينىڭ 28 – كۈنىدىن 5 – ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە)

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن، ئۇيغۇرلارغا
# ئالاقىدار مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر

**(2021 ـ يىلى 28 ـ ئاپرېلدىن، 2021 ـ يىلى 27 ـ مايغىچە)**

## ياپونىيە كارخانىلىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە ئالاقىدار خىتاي شىركەتلىرىنى بايقۇت قىلىشنى پىلانلىدى

ياپونىيە Forward خەۋەرلەر تورىنىڭ 30 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، دۇنيا مىقياسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە بولغان تەنقىد كۈنسېرى كۈچەيگەن بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرغان شىركەتلەردىن ئۆچ ئېلىشى ئەندىشە پەيدا قىلماقتا. ياپونىيە شىركەتلىرى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە ئالاقىدار سودا شېرىكلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توختىتىشنى قارار قىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ ياپون ماللىرىنى بايقۇت قىلىش ئارقىلىق ئۆچ ئېلىش ئەندىشىسى بۇ شىركەتلەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ 2020 ـ يىلى ئېلان قىلغان دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى سەكسەندىن ئارتۇق ئالدىنقى قاتاردىكى شىركەت ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە ئالاقىدار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئون تۆتى ياپونىيىدە ئىكەن. بۇ شىركەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى رەت قىلغان، ياكى جەزملەشتۈرەلمىگەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان ھەر قانداق سودا ھەمراھى بىلەن سودا قىلىشنى توختىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەللەردىكى تاجاۋۇزچىلىقنى ئىخچىم كۈچەيتىۋاتىدۇ

ئامېرىكا ئاۋازى تورىنىڭ 2 ـ مايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن (Antony Blinken) CBS نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، زىيارەت داۋامىدا بلىنكېن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندىن بېرى چەتئەللەردىكى تاجاۋۇزچىلىقنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى ۋە

ئىخمۇ كۆپ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىلىنكىن يەنە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى دۆلەت ئىچىدە باستۇرۇشنى، چەتئەلدە بولسا تاجاۋۇزچىلىقنى كۈچەيتىشىنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ يولسىز ھەرىكەتلىرىگە سۈكۈت قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. خەۋەردە دېيىلىشىچە، بايدىن ھۆكۈمىتى خىتاينى تاشقى سىياسەتتىكى ئەڭ چوڭ رىقابەتچىسى دەپ تونىغان بولۇپ، بايدىن ئالدىنقى چارشەنبە كۈنى پارلامېنتتا قىلغان سۆزىدە، ئامېرىكانىڭ ھىندى-تىنچ ئوكياندىكى ھەربىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئامېرىكىنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋەدە بەرگەن.

## يېڭى زېلاندىيە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ۋەھشىيلىكىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاشتىن چېكىندى

مۇھاپىزەتچى گېزىتىنىڭ 4-مايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، يېڭى زېلاندىيە پارلامېنتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاشتىن چېكىندىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى مۇنازىرىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خەۋەردە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نانايا ماھوتانىڭ (Nanaia Mahuta) باياناتى ئېلان قىلىپ: «بۇ بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال، لېكىن بىز قىيىن مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن بايانلىرىمىزنى يۇمشىتىشقا مۇھتاج» دېگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، يېڭى زېلاندىيە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا ئىخمۇ قاتتىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشتە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىنتېپاقداشلىرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغان. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ھازىرغا قەدەر يېڭى زېلاندىيە ھۆكۈمىتى كىشىلىك ھوقۇق ۋەدىسى بىلەن ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھىنىڭ تەلىپىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولۇپ، 2020-يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېڭى زېلاندىيەنىڭ پەقەت خىتايغا ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى كېيىنكى تۆت چوڭ سودا شېرىكى بولغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتكەن.

## خىتاي ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى ياپماقچى

دىپلومات ژۇرنىلىنىڭ 5-مايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، 26-ئاپرېل خىتاينىڭ زۇۋانى بولغان CGTN نىڭ پاكىستاننىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى موين ئۇل خاكۇ (Moin ul Haque) بىلەن بولغان سۆھبەت دوكلاتىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا باش ئەلچى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ھېچقانداق زوراۋانلىق سادىر قىلمىغانلىقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىن، باياشات ياشاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. CGTN دوكلاتىنىڭ، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىغا قارشى جازا يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا ئېلان قىلىنىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى رەزىل سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى خىرەلەشتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. خىتاي ئۆتكەن يىلى خىتاي ـ ئەرەب ھەمكارلىق مۇنبىرى چاقىرغان ۋە ئوتتۇرا شەرىقتىكى مۇسۇلمانلار كۆپ ياشايدىغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە باشلىغان. خەۋەردە يەنە بۇ ئەھۋالدا بايدىن ھۆكۈمىتى يالغۇز خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرىشىغىلا قارىتا جازا يۈرگۈزمەي، بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرا شەرقتىكى شېرىكلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئالاقىدىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاي كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە ئۆزىگە قارشى يول تۇتقان داڭلىق كارخانىلارغا زەربە بېرىشنى داۋاملاشتۇرماقتا

«بلۇمبېرگ» تورىنىڭ 6 ـ مايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇشىغا قارشى خەلقئارالىق ماركىلارنىڭ خىتايىنى بايقوت قىلىشى سەۋەبلىك ئائىداس، نايكى قاتارلىق داڭلىق كىيىم ـ كېچەك ماركىلارنىڭ خىتايدىكى سېتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتكەن. بۇ خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە ئۆزىگە قارشى مەيدان تۇتقان داڭلىق كارخانىلارغا بەرگەن زەربىسىنىڭ نامايەندىسى ئىكەن.

## يېڭى زېلاندىيە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدۇ

ياپونىيە ۋاقتى گېزىتىنىڭ 7 ـ مايدىكى خەۋرىدە دېيىلىشىچە، تىنچ ئوكيان دىپلوماتىيە مىنىستىرى يېڭى زېلاندىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سودا مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئىختىلاپقا يول قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يېڭى زېلاندىيىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئاساسلىق سودا مۇناسىۋىتى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۆكتەبىردە ئىككىنچى قېتىم ۋەزىپىگە ئولتۇرغان باش مىنىستىر جاسىندا ئاردېرن (Jacinda Ardern) خىتاينى ئۇيغۇر مەسىلىسى ۋە خوڭكوڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا ئەيىبلىگەن ۋە بېيجىڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي تەيۋەننىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا قاتنىشىشىنى قوللىغان. بۇلتۇر ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماھۇتا ئالدىنقى ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا ۋە ئاۋىستىرالىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش دۆلەت ئاخباراتىنىڭ رولىنى كېڭەيتىشتىن بىئارام بولغانلىقىنى، بۇ بەش دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى يېتەكچى كۈچ بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى ئېيتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئادىداس كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن خىتاينىڭ بايقۇتىغا پىسەنت قىلمىدى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 7-مايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، گېرمانىيە تەنتەربىيە كىيىم-كېچەك شىركىتى ئادىداس خىتاينىڭ 3-ئايدىكى بايقۇتىنى ئۆز مەھسۇلاتىغا قىسقا مۇددەتلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قاراپ، 2021-يىلىدىكى سېتىش مۆلچەرىنى ئۆستۈرگەن بولۇپ، ئۇلار چوڭ تىپتىكى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىڭ مەھسۇلات ئېھتىياجىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلغان. ئادىداس دەسلەپتە ئېھتىياجىنىڭ شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان بولسىمۇ، لېكىن سېتىش ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىپ يېقىنقى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدىلا خىتايدىكى سېتىلىش ئەندىشىسى سەۋەبىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئادىداسىنىڭ پاي باھاسى 8.2% ئۆسكەن ۋە گېرمانىيە كۆك ئۆزەك كۆرسەتكۈچىدىكى ئەڭ چوڭ پايدا ئالغۇچى بولۇپ قالغان.

## خىتاي ئۇيغۇر ھوقۇقىنى تەكشۈرۈشنى كەينىگە سۈردى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 11-مايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنى چارشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان غەربتىكى بىر قانچە دۆلەت ۋە ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ساھىبخانلىقىدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىغا قاتناشماسلىققا چاقىرغان بولۇپ، كونا ئادىتى بويىچە، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى رەزىل قىلمىشلىرىنى رەت قىلغان. خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۆمىكى باياناتى ئېلان قىلىپ، تەپ تارتماستىن شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تارىختىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇقىم ۋەزىيەت دەپ بىلجىرلاش بىلەن بىرگە، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ خىتايدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلماقچى» دەپ بۆھتان چاپلىغان ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى غەرقىي تۈركىستانغا ئائىت يىغىنىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قاتارلىق بىر قانچە دۆلەت ۋە تەشكىلات خىتاينىڭ قارشىلىقىغا قارىماستىن بۇ يىغىنغا ئاۋاز قوشقان بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى باربارا ۋۇدۋارد (Barbara Woodward) شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق كىرزىسى دەپ ئاتىغان.

## ئالما تەمىنلەش زەنجىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن چېتىشلىق ئىكەن

ھىندىستاندىكى تىبەت خەۋەرلەر تورىنىڭ (Phayul) 12 ـ مايدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، پەن ـ تېخنىكا ماگناتى بولغان ئالما شىركىتىنى تەمىنلەيدىغان يەتتە شىركەت شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئالاقىدار دەپ ئەيىبلەنگەن بولۇپ، بۇ يەتتە شىركەتنىڭ ئالتىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن تەمىنلەيدىغان پىروگراممىلىرىغا قاتناشقان. ئىلگىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر بىلەن ئەيىبلەنگەن ئالما شىركىتى ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە قارىتا كەڭ قورساق سىياستى بارلىقىنى ئىزچىل بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، 2020 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاۋستىرالىيە ئىستىراتېگىيىلىك سىياسەت تەتقىقات ئورنى ئالما تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

## دۇنيادىكى 50 تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك لىدېر

ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ كومىسسارى نۇرى تۈركەل ئامېرىكىدا چىقىدىغان بايلىق ژۇرنىلىدا دۇنيادىكى 50 تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك لىدېر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1998 ـ يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ پاناھلىقىغا ئېرىشكەندىن بېرى داڭلىق كىشىلىك ھوقۇق رەھبىرى سۈپىتىدە نام قازانغان. نۇرى تۈركەل ئۆتكەن يىلى ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى نەنسى پېلوسى (Nancy Pelosi) تەرىپىدىن ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ كومىسسارى بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋە پارلامېنتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق  تاۋارلارنى چەكلىشىگە تۈرتكە بولغان. نۇرى تۈركەل بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر دەۋاسىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

## تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا تابلېت ئېلىپ بېرىش سەپەرۋەرلىكى ياخشى ئۈنۈم بەردى

دوكتور ئەركىن سىدىق باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى ئۇيغۇرىيار فوندىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋزا قوشۇپ يىغقان ئىئانىنىڭ ئاخىرقى مىقدارىغا 19 دانە تابلەت سېتىۋېلىنىپ، ئىلتىماس قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادرېسىغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن.

رامىزان ئېيىدا جەمئىي 31 دانە تابلەت ئەۋەتىپ بېرىلدى. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا تابلېت ئېلىپ بېرىش سەپەرۋەرلىكى بۈگۈنگىچە ياخشى نەتىجە بىلەن داۋاملىشىپ، جەمئىي 130 دانە تابلەت ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ قولىغا تەگكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

## خىتاينىڭ ئاتالمىش «گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش» سەپسەتىسىگە ئەگىشىپ مەسچىتلەر غايىپ بولماقتا

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 14-مايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي ئېتىقادقا بولغان چەكلىمىلىرى كۈنسېرى كۈچەيگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ۋەيران قىلىشىدىن ئامان قالغان مەسچىتلەر كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تەشۋىقاتلىرى بىلەن تولغان. رويتېرس ئاگېنتلىقى پەيشەنبە كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي جەنۇب ۋە ئوتتۇرا قىسمىنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار زىيارەت قىلغان مەسچىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي چېقىۋېتىلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بارلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەسجىدلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرمىگەن. ئاۋستىرالىيە ئىستىراتېگىيىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئالدىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە 16مىڭ مەسچىتنىڭ قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكى ئاشكارىلانغان.

## خىتاي ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئىشلىتىش ئارقىلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارىيە تاختىسى ياسىماقتا

ھىندىستان بىلوم خەۋەرلەر تورىنىڭ 17-مايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، يەر شارى قۇياش ئېنېرگىيىلىك باتارىيە تاختىسى ئىشلەپ چىقىرىلىشىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكى بايقالغان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىليونلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» ۋە «ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش» نامىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقانچىلىق رايونى ۋە زاۋۇتلاردا قۇل ئىشچى قىلىپ ئىشلەتكەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلۈكىدىن بىرى ئۆزىنىڭ بۇ رەزىل سىياستىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن پەردازلاپ كەلگەن. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ رەزىل قىلمىشلىرىنىڭ دۆلەت قانۇنىغا ماس كېلىدىغانلىقىنى، ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشلەيدىغانلىقىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەت ۋە كارخانا مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان پاكىتلاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش ۋە ئىشلىتىش ئۇيغۇر رايونىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەن. خەۋەردە يەنە شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ خەلقئارالىق ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، بارلىق قۇياش مودېلى زەنجىرىنىڭ تەكشۈرۈلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي قىسمىنى زامانىۋىلاشتۇردى

ھىندىستان ۋاقتى گېزىتىنىڭ 17 ـ مايدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ھىندىستان 2020 ـ يىلى خىتاينىڭ گالۋان ۋە باڭكوڭ كۆلى رايونىدىكى تېررىتورىيىلىك تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى چېكىنىشنى رەت قىلغىنىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا باشلىغان. شەرقىي تۈركىستان ھەربىي رايونى خىتاينىڭ غەربىدىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستان ھەربىي رايونىدىكى قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش سالمىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭ ۋە خوڭكوڭغا ئالاقىدار ئەسكىرى خادىمى دەننىس بىلاسكونىڭ (Dennis Blasko) سۆزىگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستان ھەربىي رايونىنىڭ ئۆزىدە ئەللىك ئاتمىش مىڭ ئارمىيە ئەسكىرى بار بولۇپ، باشقا تەھلىللەرگە كۆرە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يەتمىش مىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئەسكىرى بارلىقنى كۆرستىپ بەرمەكتە.

## خىتاي ھۆكۈمىتى نەنسى پېلوسىغا بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشى سەۋەپلىك زەربە بەردى

فىرانسىيە 24 تورىنىڭ 19 ـ مايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى نەنسى پېلوسى (Nancy Pelosi) خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سەۋەبلىك كېلەر يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشقا چاقىرغاندىن كېيىن، خىتاي چارشەنبە كۈنى ئۇنى يالغانچى دەپ ئاتىغان. 2022 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خىتايدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان بۇ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ھارپىسىدا ئامېرىكا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىغان بولۇپ، سەيشەنبە كۈنى پېلوسى ئولىمپىكنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭ بۇ سۆزى خىتايدا كەسكىن ئىنكاس قوزغىغان بولۇپ، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىر جاۋ لىجەن (Zhao lizhan) ئامېرىكا سىياسىئونلىرى ئولىمپىك مۇسابىقىسى توغرىسىدا سىياسى ئويۇن ئويناشتىن توختىشى كېرەك، دەپ بىلجىرلىغان. ئانالىزچىلار خىتاينىڭ بۇ قېتىملىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك كۈچىنى دۇنيا سەھنىسىدە پاراتتىن ئۆتكۈزۈش پۇرستى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

## كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى تەنھەرىكەتچىلەرنى بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىردى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 19 ـ مايدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى سەيشەنبە كۈنى تەنھەرىكەتچىلەرنى كېلەر يىلى خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت

www.uyghurkitap.com

مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرغان. تولۇق بايقۇت قىلىش چاقىرىقى ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىدىغان ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، تىبەت ھەرىكىتى، ئەركىن تىبەت، ئۇيغۇرلارغا سەپەرۋەرلىك پائالىيىتى قاتارلىق تەشكىلات ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشقان. ۋەكىللەر يىغىندا خىتاينىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەش بىلەن بىرگە تەنھەرىكەتچىلەرنى ھەقنى سۆزلەشكە ۋە كۈچىنى ئىشلىتىشكە ئۈندىگەن.

### لىتۋا پارلامېنتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى باستۇرۇشىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونىدى

لېتۋا پارلامېنتى 19-ماي چارشەنبە كۈنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇشىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان جازا لاگېرلىرىنى تەكشۈرۈشىنى، شۇنداقلا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى.

### خىتاي ياۋروپاغا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر دېدى

سىياسەت گېزىتىنىڭ 25-مايدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى (Wang Yi) سەيشەنبە كۈنى ياۋروپانىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا خىتايغا يۈرگۈزگەن جازاسىغا ئوچۇق-ئاشكارە ھۇجۇم قوزغىغان ۋە «ياۋروپا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدۇ» دەپ بىلجىرلىغان. يېقىنقى بىر قانچە ئاي ئىچىدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ياۋروپادىكى بىر قانچە دۆلەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتىغان بولۇپ، غەربنىڭ دىققىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە جازا لاگېرلىرىغا مەركەزلەشكەن. بۇنىڭغا چىدىمىغان خىتاي ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى رەزىل قىلمىشلىرىنى تۈرلۈك سەپسەتىلەر بىلەن پەردازلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئورۇنۇپ كەلمەكتە. ۋاڭ بۇ قېتىممۇ خىتايغا بولغان قارشى پىكىرلەرگە پىسەنت قىلماستىن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، ياۋروپا بىلەن ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىقنى ساقلاپ قېلىش ۋە كېڭەيتىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

### ئارتىس جون سىنا (John Cena) تەيۋەننى دۆلەت دەپ ئاتىغانلىقى سەۋەبلىك كەچۈرۈم سورىدى

ئەلجەزىرە تورىنىڭ 25 ـ مايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكالىق ئارتىس ۋە چېلىشىش چېمپىيونى جون سىنا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېڭى فىلىمىنىڭ تەشۋىقات فىلىمىدە تەيۋەننى بىر دۆلەت دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن خىتايدىن كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر بولغان. سىنا سەيشەنبە كۈنى خىتاينىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسى بولغان ۋېيبو ھېساباتىدا، ئۆزىنىڭ «تېز ۋە توققۇز ئاچچىق» ناملىق فىلىمىنىڭ تەشۋىقاتىدا تەيۋەننى بىر دۆلەت دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ فىلىم ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇ فىلىمدە «مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، ھەممىدىن مۇھىمى مەن جۇڭگونى ۋە جۇڭگولۇقلارنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن. ئۇنىڭ بۇ كەچۈرۈم سوراش توغرىسىدىكى فىلىمى خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا تېخىمۇ غەزەپ قوزغىغان ۋە سىنانى تەيۋەننى خىتاينىڭ بىر قىسمى دەپ ئېيتمىدى دەپ ئەيىبلىگەن. سىنا ئوخشاشلا ئامېرىكىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ۋە باشقا تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنى خىتايغا باش ئەگدى دەپ ئەيىبلىگەن.

## سۇنئىي ئەقىل ھېسيات بايقاش يۇمشاق دېتالى ئۇيغۇرلاردا سىناق قىلىندى

ئەنگلىيە BBC خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ 26 ـ مايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، سۇنئىي ئەقىل ۋە چىراي تونۇش ئارقىلىق ھېسيات ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان كامېرا سىستېمىسى ئۇيغۇرلارغا سىناق قىلىنغان بولۇپ، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر يۇمشاق دېتال ئىنژېنېرى شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى ساقچىخانىلارغا بۇ خىل سىستېمىلارنى ئورناتقانلىقىنى ئاشكارىلىغان. ئېنژېنېرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، سۇنئىي ئەقىل سىستېمىسىنىڭ يۈز ئىپادىسى ۋە تېرە تەر تۆشۈكچىلىرىدىكى مىنۇتلۇق ئۆزگىرىشلەرنى بايقاش ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى بار بولۇپ، خىتايلار بۇ دېتالنى ئىشەنچلىك دەلىل ئىسپات يوق ئەھۋالدا ئالدىن ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. ھازىرغا قەدەر خىتايدىكى تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ دۆلەت بىلەن قانچىلىك مۇناسىۋىتى بارلىقى توغرىسىدا مۇنازىرىلەر بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئامېرىكانى بازا قىلغان تەتقىقات گۇرۇپپىسى IPVM چىراي تونۇش مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى پەرىقلەندۈرۈش ئۈچۈن لاھىيەلەنگەنلىكىنى بايقىغان.

## خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئالاھىدە سوت مەھكىمىسىنى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشتى دەپ ئەيىبلىدى

خىتاي ھۆكۈمىتى 25 ـماي ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، خىتاينىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيەدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسىنى قارىلىغان. ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسى يېقىندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسدا سوت ئاچىدىغان بولۇپ، خىتاي بۇ سوت مەھكىمىسىنى ئامېرىكا

www.uyghurkitap.com

باشچىلىقىدىكى خىتايغا قارشى بىر قانچە دۆلەت ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىرلىكتە قۇرغان قانۇنسىز تەشكىلات دەپ ئەيىبلىگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى رەزىل قىلمىشلىرىنى پۈتۈنلەي نۇمۇسسىزلارچە ئىنكار قىلىپ، ئۇيغۇر سوت مەھكىمىسىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق بار دەپ يالغاننى توقۇش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى دەپ بىلجىرلىغان.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## ئېلىزابېت لىنچ

ئامېرىكا دۆلەتلىك ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋەتلىرى كومىتېتى ئەزاسى، خىتاي قانۇن ۋە سىياسەت تورىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىسى ئېلىزابېت لىنچ خانىم



# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ھەقىقى ئازادلىق ۋەتەندىكىلەر ئۈچۈن خىتايدىن قۇتۇلۇش بولسا، ۋەتەن سىرتىدىكىلەر ئۈچۈن خەلقىنىڭ يۈزىگە ئۆزىدىن نومۇس قىلماي قارىيالايدىغان بولۇشتۇر.